# ئېتنىك، ئۇلۇس، كىملىك
# ۋە ئۇلۇسچىلىق

مۇندەرىجە

1-بۆلۈم: ئېتنىك، مىللەت ۋە ئۇلۇس

1) ئېتنىك ئۇقۇمى قانداق ئۇقۇم؟

2) ئېتنىك ئۇقۇمى بىلەن ئېتنىك مىللەت ( ئېتنىك ناتسئون) ۋە ئۇلۇس ئۇقۇمى ئوخشاش ئۇقۇممۇ؟

3) ئۇيغۇرلار ۋە ئېتنىكلىق

4) ئېتنىك ۋە ئىرق

2-بۆلۈم: ئېتنىك كىملىك نەزەرىيەسى: ئېتنىك كىملىك ۋە ئىدولوگىيە

1) ئېتنىكلىق ۋە ئېتنىك كىملىك ئۇقۇمدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار

2) ئېتنىك كىملىكتە شەخس بىلەن توپلۇمنىڭ مۇناسىۋىتى :

3-بۆلۈم: ئۇلۇس كىملىكى

4-بۆلۈم: ئۇلۇسچىلىق

1) ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى

2) ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

3) ئۇلۇسچىلىق بىلەن ئېتنىك مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى

4) دىن ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىك، شۇنداقلا ئۇلۇسچىلىق

5) تىل ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىك شۇنداقلا ئۇلۇسچىلىق

5-بۆلۈم: دېموكراتىيە ۋە ئۇلۇسچىلىق

6 -بۆلۈم: ئۇلۇسچىلىق ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىكنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى رولى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش

7 -بۆلۈم: ئېتنىك كىملىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ يوقۇلۇشى ۋە قايتا تىرىلىش

8 -بۆلۈم: جۇغراپىيە، كىملىك ۋە سۈرگۈندىكى ئۇيغۇرلار

## 1-بۆلۈم: ئېتنىك، مىللەت ۋە ئۇلۇس

ئېتنىك ئۇقۇمى قانداق ئۇقۇم؟

ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا "ئۇلۇس" ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان ئورخۇن مەڭگۈ تاشلاردا بۇ سۆز ئويۇلغان[1]. يازما تېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، كۆل تېكىن تارىخى يازمىسىدا ىلغا يېزىلغان ئۇلۇس سوۆزىنى دەنماركلىق تىلشۇناس ۋىلىخەم تومسېن "خەلقلەر" دەپ تەرجىمە قىلغان.[2] تۈركولوگ ھۈسەيىن نامۇك ئورككۈن " ئۇلۇس" سۆزىنى "مىللەت" " قەۋم" دەپ تەرجىمە قىلغان بولسا،[3] تۈركولوگ لوۋىس بازىن "ناسيئون" دەپ تەرجىمە قىلدى.[4] ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە " ئۇلۇس" سۆزىنى تامامەن ئىشلەتمەيۋاتقان بولۇپ، "ئۇلۇس" ، " ئېتنىك توپلۇم ۋە ئېتنىك مىللەت" ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا "مىللەت" ئاتالغۇسىنى قوللۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن خەلقارادىكى "ئېتنىك" ئۇقۇمى بىلەن "ئۇلۇس"( ناسيئون) ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار ئىدى. ئۇيغۇرلاردا بولسا قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىر توپلۇمنىڭ ئېتنىك توپلۇم بولىدىغانلىغى قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئېتنىك مىللەت ، قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلۇس بولىدىغانلىغى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئېنىقسىزلىغى ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا ئىدى. بۇنداق بولغاندا، كىملىك مەسلىسىگە كەلگەندە ئېتنىك كىملىك بىلەن مىللەت كىملىگى ياكى دولەت مىللىتى كىملىكىنى ( ئۇلۇس كىملىكى )نى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقاتتى. شۇنداقلا يەنە ئېتنىك مىللەتلەرنى ۋە ئېتنىك گروئپىلارنى ئېرقىغا ئاساسەن چۈشىنىشمۇ ئېرق بىلەن ئېتنىك مىللەت ( ئۇلۇس دۆلىتىگە تەۋە ئېتنىك مىللەت) ۋە ئېتنىك گۇرۇپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى غۇۋالاشتۇرىۋەتكەن ئىدى. بۇ ئەھۋال، ھەتتا ئېتنىك ئۇقۇمىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئېرق دەپ چۈشىنىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېتنىك مىللەت بىلەن ئېتنىك توپلۇم (ياكى گوروپپا) ۋە بۇ ئىككىسى بىلەن ئۇلۇس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرىۋەلىشىمىز، ھەر بىر

---

[1] Hüseyin Namık Orkun, Eski Türk Yazıtları, Ankara: Türk Dil Kurumu Yayınları, 1994:52.
[2] Vilhelm Ludvig Peter Thomsen, Inscriptions de l'Orkhon déchiffrées, Helsingfors: Imprimerie de la Société de littérature finnoise, 1896:165, not 64.
[3] Hüseyin Namık Orkun, Eski Türk Yazıtları, Ankara: Türk Dil Kurumu Yayınları, 1994:875
[4] Louis Bazin, Les calendriers turcs anciens et médiévaux, Lille: Service de reproduction des thèses de l'université de Lille III, 1974:277.

ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتىشى ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشىدىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ۋە ئۇ مەنسۇپ بولغان بىر پۈتۈن ئېتنىك مىللەت ياكى توپلۇمنىڭ سىياسىي ئىختىسادىي ۋە ئىجدىمائىي ئورنىدا، شۇنداقلا ئۇلۇسلىشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقتىن كىتاۋىمىزنىڭ بۇ بۆلۇمىدە تۆۋەندىكى سوئاللارغاجاۋاپ ئىزدەش ئارقىلىق، يۇقارقى مۇجىمەللىكلەرنى روشەنلەشتۈرۈۋشكە تىرىشىمىز:

- ئېتنىك دېگەن بۇ ئۇقۇمنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئېتنىك دېگەن بۇ سۆز مىللەتكە ۋە ياكى مەلۇم توپلۇمغا قارىتىلغان بولسا ئۇنداقتا ئېتنىك گۇرۇپ ۋە ياكى ئېتنىك مىللەت بىلەن ئۇلۇس ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟

- ئۇيغۇرلار ئۇلۇسمۇ، ئېتنىك مىللەتمۇ؟ ياكى ئېتنىك گۇرۇپمۇ؟ ۋە ياكى ئاز سانلىق مىللەتمۇ؟[5]

- ئېتنىك ئۇقۇمى بىلەن ئىرق ئۇقۇمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق چۈشىنىش لازىم؟

ئېتنىك ئۇقۇمى گەرچە 1951- يىلى ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس داۋىد رىيسمان (David Reisman) تەرىپىدىن تۇنجى بولۇپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن گرېكچىدىن كىرگەن بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. ياۋروپالىقلار بۇ سۆزنى ناھايىتى بۇرۇنلا ئىرققا باغلاپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئىتالىيان، فرانسوز، رۇس دېيىش ئارقىلىق ئېتنىك كىملىكنى ئىرققا ئاساسەن ئايرىپ كەلگەن. نورمالدا بۇ سۆز گەرچە ئىرققا باغلىنىپ كەلسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئېتنىكقا بەرگەن تەبىرىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. پرىموردىئالىست (Primordialist) ئېقىمدىكىلەر ئېتنىك ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، ئىنسان تۇغۇلىشى بىلەنلا ئىگە بولىدىغان قانداشلىق، چىراي دېگەندەك ئۆزگەرتىش قىيىن بولغان مەڭگۈلۈك مەنسۇبىيەت دەپ قارايدۇ. ئانتونىي سمىت (1988) Anthony Smith قاتارلىق ئېتنوسىمبولىست (ethno symbolism) لار بولسا گەرچە ئېتنىكنى بىئولوگىيىلىك قانداشلىق مەسىلىسى دەپ قارىمىسىمۇ، ئەمما ئېتنىكلىقنى ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئوخشاش قىممەت قاراش، تارىخى كەچۈرمىش، ئوخشاش سىمۋوللۇق بەلگىلەر ۋە ئورتاق تېررىتورىيە قاتارلىقلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ دەپ قاراپ ئېتنىك توپلۇم بىلەن

---

[5] ئازسانلىق مىللەت دېگەن بۇ سۆز ئەسلىدە خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا بىۋاستە تەرجىمە قىلىنىپ ئاز سانلىق دىگەن سۆزنىڭ ئارقىسىغا مىللەت سۆزىنى قېتىپ ياسىغان. ئەمما غەرىپ مىللەتچىلىك نەزەرىيەچىلىرى ۋە جەمىيەتشۇناسلار ئېنگىلىز تىلىدا پەقەت "ئازسانلىقلار" يەنى " minority " دەپلا ئاتايدۇ. چۈنكى ئاز سانلىقلار دېگەن بۇ ئاتالغۇ باشقا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ بېرىپ باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ۋە بۇ ئۇلۇس دۆلىتىدىكى ئاساسلىق ئۇلۇسقا نىسبەتەن سانى ئاز بولغان، ئەمما ئۆزلىرىنى شۇ دۆلەتنىڭ مىللىتى يەنى ئۇلۇس دەپ قارايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىمۇ، ئۆز دۆلىتى مۇستەملىكە قىلىنغان، سان جەھەتتىن ئاز بولمىسىمۇ ھەق -ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنغانلىقتىن كۈچ جەھەتتىن ئاجىز بولغان، مۇستەملىكچى دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى بولۇشنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئېتنىك توپلۇمنىمۇ، دۆلىتى مۇستەملىكە قىلىنمىغان، ئەمما ئەزەلدىن مەلۇم دۆلەتتىكى كۆپ سانلىق مىللەتلەر بىلەن بىللە شۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى سۈپىتىدە ياشاپ كېلىۋاتقان، سانىنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن ھەق -ھوقۇقلىرى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغان توپلۇملار نىمۇ، ۋە شۇنداقلا سانى كۆپ تۇرۇپمۇ مەۋجۇت دۆلەتتە ئۈستۈنلىككە ئىگە بولالمىغان، ئەمما ئايرىم دۆلەت قۇرۇشنى خالىمايدىغان توپلۇملارغىمۇ قارىتىلىدۇ. ئازسانلىق مىللەت دىگەن بۇ ئۇقۇمغا خەلئقارا قانۇنلاردا ئېنىق بىر تەبىر بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسى جەھەتتىن دۆلەتلەردىكى باشقا ھۆكۈمران مىللەت تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان، ھوقۇقتا ئۇلار بىلەن باراۋەر بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتىلىدۇ .

ئېتنىك كىملىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. بۇ پەرق توغرىسىدا ئېتنىك كىملىك بۆلۈمدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز)

توماس ئېرىكسېن Thomas Eriksen(2010) قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار بولسا ئېتنىك دېمەك پەرق دېمەكتۇر دېيىش ئارقىلىق "ئېتنىك" نى بىز ۋە ئۇلار دەپ ئايرىش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شەرھىيلەيدۇ ۋە "ئېتنىك" نىڭ كۇلتۇرگە ئاساسەن ئايرىلىدىغانلىقىنى، بىر توپلۇمنىڭ يەنە بىر توپلۇمنى كۇلتۇرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن «بىز» ۋە «ئۇلار» غا ئايرىشىنىڭ ئېتنىك مەۋجۇتلۇقنى ساقلايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئېتنىك دىگىنىمىزدە شەخسنىڭ تۇغۇلىشى بىلەنلا مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ كىملىكى، ئىسمىنىڭ قايسى توپلۇمغا مەنسۇپ بولۇشى، دىنىنىڭ قايسى دىن بولۇشى يەنى قايسى دىنغا تەۋە ئائىلىدە چوڭ بولۇشى، تىلىنىڭ قايسى توپلۇمنىڭ تىلى بولۇشى، قانداق كۇلتۇرنى قوبۇل قىلىشى، قىسقىسى ئۇ ئاق قارىنى پەرق ئەتكۈچە ئائىلىسى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا بېرىلگەن توپلۇم مەنسۇپلىقىنى كورسۇتىدۇ.

ماركسىزىم نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغان ئېتنىك نەزەرىيەچىللىرى بولسا باراۋەرسىزلىك ۋە سىنىپ پەرقى ئېتنىك توقۇنۇشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدىغان سەۋەب، باراۋەرسىزلىك يوقىسا ئېتنىك پەرق ۋە ئېتنىكمۇ يوقايدۇدەپ قارايدۇ ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى ئېرېلاندىيەلىكلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتىنى ئەنگلىيە ئىشچىلار ھەركىتىگە باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ. چۈنكى كارل ماركس ئەنگلىيەدىكى ئېنگىلىز ئىشچىلار سىنىپى، ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزلىرىگە تۇتقان مۇئامىلىنى ئىرلاندىيىلىكلەرگە تۇتۇشىنى داۋاملاشتۇرسا ئىرېلاندىيەلىكلەر مۇستەقىل بولۇشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، ئارىدىكى توقۇنۇشنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ئىرېلاندىيەلىكلەرگە ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئەنگلىيە ئىشچىللىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى تۇتماسلىقى كېرەك دەپ قارايتتى.
(Anderson, 2010 )

مىلەس Miles (1989) قاتارلىق ماركسىزىم نەزەرىيەچىللىرى«ئىرق» ۋە «ئېتنىك» سىنىپ پەرقىي تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ دەپ شەرھىيلەپ، ماركسىزىمنىڭ بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشقا ئاساسلانغاندا، باراۋەرسىزلىك بولمىغان بولسا ئېتنىك پەرقلەرمۇ بولمىغان ۋە ياكى ئېتنىكلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ بولمىغان بولامتى؟ توقۇنۇش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېتنىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق غۇۋالىشامدۇ ۋە ئېتنىك يوقۇلامدۇ؟ دەپ سوراشقا توغرا كېلىدۇ. «ئېتنىك» ئەمەلىيەتتە پىرىموردىئالىستلار ئوتتۇرىغا قويغاندەك تارىخىي باغلىنىش، قانداشلىق ۋە چىراي قاتارلىق تەبىي مەۋجۇتلۇققىمۇ ئىگە بولغانلىقتىن، پەقەتلا سىنىپ پەرقىنى يوق قىلىش ئارقىلىق ئىرق ۋە ئېتنىكنى يوقۇتۇش، ۋە ياكى توقۇنۇش ۋە ئىرقچىلىقنى يوقۇتۇپ، ئېتنىك ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى سۇسلاشتۇرغىلى بولۇشى ناتايىن. ماركسىزىم نەزەرىيەسى گەرچە سىنىپ پەرقىنى يوقۇتۇش ئارقىلىق ئىرقچىلىق ۋە ئېتنىك توقۇنۇشنى يوقۇتۇشنى

ئوتتۇرىغا قويسىمۇ، ئەمما ماركسىزىم نەزەرىيەسىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ نەزەرىيەدىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن بولۇپ، ئۇلار ئېتنوسىمبولىستلار ئوتتۇرىغا قويغان ئامىللارنى يوقۇتۇش ئارقىلىق، قان، چىراي، تۇرق قاتارلىق تەبىي ئامىللارنىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر ئېتنىك مىللەتنى يوقاتقىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە خىتاي كىملىكىنى مەجبۇرى تېڭىۋاتقانلىقى بۇنىڭ نامايەندىسى.

مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئېتنىك توقۇنۇشى باراۋەرسىزلىك تۈپەيلىدىن كەسكىنلەشسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سەۋەب بىلەن يېڭىدىن پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى ئېتنىكلىقنىڭ تەبىي ئامىللىرى بىلەن ئەزەلدىن مەۋجۇت. باراۋەرسىزلىك ئىنسانلارنى ئوخشىمىغان سىنىپقا ئايرىپ، ئوخشاش سىنىپتىكىلەرنىڭ (مەيلى ئۇ قايسى ئېتنىك گۇرۇپقا مەنسۇپ بولسۇن) ئورتاقلىق تۇيغۇسىنى ۋە باشقا سىنىپقا نىسبەتەن يېڭى كۇلتۇر پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىدە ئەھۋال بۇنداق بولغىنى يوق. چۈنكى خىتاينىڭ ئېتنىك قىرغىنچىلىقى تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا تۆۋەن سىنىپقا ئايرىلدى. باراۋەرسىزلىك ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلاردىن تەركىپ تاپقان تۆۋەن سىنىپ بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلاردىن تەركىپ تاپقان يۇقىرى سىنىپنى شەكىللەندۈرگىنى يوق. بۇ يەردىكى سىنىپ پەرقى، بارلىق ئۇيغۇرلارغا خىتاي ھاكىمىيىتىنى قوللايدىغان بارلىق خىتايلار تەرىپىدىن ئورنىتىلدى. نەتىجىدە، خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت ئېتنىك پەرقنى دۈشمەنلىك دەرىجىسىدە كەسكىنلەشتۈردى. ئەگەر خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە خىتاي كىملىكىنى تېڭىش[6] ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تەبىي مەۋجۇت بولغان ئېتنىكلىقنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇۋېتەلىسە، ئۇ ھالدا پرىموردىئالىستلار ئوتتۇرىغا قويغان ئېتنىكلىقنىڭ قانداشلىق چىراي، قىياپەت قاتارلىق تەبى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئېتنىك مىللەت ياكى توپلۇمنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولالمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولىدۇ.

**ئۇنداقتا ئېتنىك مىللەت ، ئېتنىك توپلۇم ۋە ئۇلۇس ئۇقۇمى ئوخشاش ئۇقۇممۇ؟**

كلاسسىك جەمئىيەتشۇناس نەزەرىيەچىللىرى «ئۇلۇس» ( nation) ئۇقۇمنى ئېتنىك ئۇقۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئۇلۇس ( nation) دېمەك بەلگىلىك كاتىگورىيەدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆز كۇلتۇرىدە ئىپادە قىلىشى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى (Eriksen, 2010. p.119). شۇ سەۋەپتىن دىن، تىل ۋە كۇلتۇر ئارقىلىق ئېتنىك بولۇپ شەكىللەنگەن بىرگۇرۇپپىنى يەنى ئېتنىكنى «ئۇلۇس» ياكى «مىللەت» دەپ قارىغان ۋە ئېتنىك توپلۇم، ئېتنىك مىللەت ۋە ئۇلۇسنى پەرقسىز قوبۇل قىلغان. بىز ئۇيغۇرلارمۇ ھەممىسىنى مىللەت سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەنلىگىمىز ئۈچۈن، ئادەتتە ئېتنىك توپلۇم، ئېتنىك مىللەت ياكى ئۇلۇس (nation) قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ پەرقىنى ئايرىماي كەلگەن ئىدۇق. دۆلەتچىلىك، ئۇلۇسچىلىق ۋە مىللەتچىلىك

---

[6] بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان خىتاي كىملىگىنى تېڭىش خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرى توي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇيغۇرلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئارقا كورۇنىشىنى يوقۇتۇش سىياستىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ

نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، غەرپ جەمئىيەتشۇناسلىقى «ئېتنىك گۇرۇپ» ۋە «ئېتنىك مىللەت» بىلەن «ئۇلۇس» پەرقلەندۈرۈپ نەزەرىيەلەشتۈرۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە دۆلىتى بولغان بىر ئېتنىك مىللەت ياكى بىرلىكتە دۆلەت قۇرغان بىردىن ئارتۇق ئېتنىك مىللەتلەرنى دۆلەتكە باغلاپ تەھلىل قىلىپ ئۇلۇس(nation) دەپ ئاتىدى. نەتىجىدە پەقەت دۆلىتى بولغان ۋە شۇ دۆلەتكە تەۋە بولغان ئېتنىكلارلا گەرچە ئايرىم ئۆز ئالدىغا ئېتنىك مىللەت دەپ قارالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ شۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلدۇرۇپ ئاتىغاندا «ئۇلۇس» دەپ ئاتىدى. مەسىلەن كانادالىق يەھۇدىلار ئېتنىك جەھەتتىن يەھۇدى مىللىتى ئەمما ئومۇمىي كانادالىقلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلغاندا كانادا ئۇلۇسىغا تەۋە بولغانلىقتىن كانادالىق، ئىسرائىلىيەگە تەۋە بولغىنىدا ئىسرائىلىيىلىك يەھۇدى دەپ ئاتىدى. دۆلىتى بولمىغان، ھىچقانداق دۆلەت تەۋەلىكى يوق، دۆلەتسىز ئېتنىكلارنى بولسا ئېتنىك توپلۇم ياكى ئېتنىك گۇرۇپ دەپ ئاتىدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئومۇمەن دۆلىتى بولغان ئېتنىك گۇرۇپلار ( ئېتنىك مىللەت) بولسۇن ياكى دۆلەتسىز ئېتنىكگۇرۇپلار بولسۇن ھەممىسىنى «مىللەت» دەپ دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەنلىكتىن «ئۇلۇس» سۆزى كۆپ ئىشلىتىلمىدى. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ يەردە «ئۇلۇس» بىلەن «گىراژدان» نى پەرقلەندۈرۈش لازىم. چۈنكى ھەرقانداق بىر دۆلەت گىراژدانى شۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى بولالىشى مۇمكىن، ئەمما ھەممە ئۇلۇسنىڭ گىراژدان بولالىشى ناتايىن. مەسىلەن، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل دۆلەت بولغىنىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق خەلق شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى ھېساپلىنىدۇ ئەلۋەتتە، ئەمما ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىق باشقا دۆلەتنىڭ پاسسپورت بىلەن باشقا دۆلەتتە ياشاۋاتقان، شەرقىي تۈركىستان گىراژدانلىقىنى ئالمىغان بولسا ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى بولغىنى بىلەن شەرقىي تۈركىستان گىراژدانى ھېساپلانمايدۇ. بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىدا باللارغا 18 ياشقا كىرمىگۈچە گىراژدانلىق بېرىلمىگەنلىكتىن، 18 ياشتىن تۆۋەنلەر شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇلۇسى ھېساپلانسىمۇ گىراژدانى ھېساپلانمايدۇ .

ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئېرنېست گىللېر Earnest Gellner(1983) قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىدە مودىرنىزىمنى ئاساس قىلغان ھالدا « ئۇلۇسچىلىق» ئىدولوگىيەسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقدۇ. ئۇلار «ئۇلۇسچىلىق بولسا فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن دۆلەت قۇرۇش ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، چۈنكى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن سانائەتلىشىش ۋە مەتبەئەچىلىك كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ مەلۇم تېررىتورىيەدە بىر تۈتاش قانۇن، بىر تۈتاش مائارىپ تۈزۈمگە بولغان ئېھتىياجنى ۋە ئىقتىسادىي سېستىمىغا كىرىش ئېھتىياجنى ياراتقان، مانا بۇ ئېھتىياج دۆلەتلىشىشكە كېرەكلىك ئىدولوگىيەنى ياراتقان بولۇپ، بۇ ئىدولوگىيە دەل ئۇلۇسچىلىقتۇر» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە «ئۇلۇس» ۋە «ئېتنىك» بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر. «ئۇلۇس» ئۇلۇسچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ بىر ئېتنىك گۇرۇپنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا دۆلىتى بار ياكى دۆلەت قۇرۇپ باققان ئېتنىكلەرلا ئۇلۇس بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارغا

ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە «مىللەت» سۆزىنى «ئېتنىك» سۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، بۇ ئاتالغۇلار دۆلەتكە باغلانغان مەسىلىدە ئاستىدا «ئۇلۇس» دەپ چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەچىللىرى «ئۇلۇس» ئۇقۇمىنى سىياسىي نۇقتىدىن شەرھىيلەپ «ئېتنىك» تىن پۈتۈنلەي پەرقلەندۈرىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئوخشاش كەچۈرمىشكە، ئوخشاش قىممەت قارىشىغا ئىگە، مۇئەييەن تېررىتورىيەگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي سىستېمىسى، ئورتاق مەجبۇرىيەت ۋە ئورتاق ھوقۇق ئارقىلىق باغلانغان گراژدانلار گەۋدىسى بىز دەۋاتقان «ئۇلۇس» بولۇپ، «ئۇلۇس» ئۇقۇمى دۆلەت سىستېمىسىغا باغلانغان بولىدۇ (Smith, 1999) .

«ئېتنىك» ئادەتتە دۆلەتسىزمۇ مەۋجۇت بولىدىغانلىقتىن، بولۇپمۇ دۆلەتسىز ئېتنىك گۇرۇپپىلار بىلەن دۆلىتى بار ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە شۇنداقلا دۆلەت قۇرۇپ باققان ئېتنىك گۇرۇپ بىلەن زادىلا دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇس ئۇقۇمى بىلەن ئېتنىك ئۇقۇمىنى ئايرىپ چۈشىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىر سىياسىي مەسىلە بولغانلىقتىن، باشقىلارغا ئۆزىنى قانداق تونۇتۇش ۋە ئېتىراپ قىلدۇرۇشتا، خەلقارا سەھنىدە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىشتا، سىياسىي سالاھىيىتىنى تۇرغۇزۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك گۇرۇپ، ئۇلۇس ياكى ئۇلۇسقا تەۋە ئېتنىك مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قايتۇرۇپ ئالماقچى بولغان ياكى قۇرماقچى بولغان دۆلىتىنىڭ ئېتنىك دۆلەت ياكى ئۇلۇس دۆلەت ئىكەنلىكىنى سىياسىي نۇقتىدىن شەرھىيلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ئېتنىك ( ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتلىنىپ ئاتىغىنى بويىچە بولغاندا «مىللەت» ) مەسىلىسىدە، ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسى بىلەن ئوخشىمىغان قاراشتىكى ئېقىملاردىن پەرەننىئالىست (perennialist)لار، پرىموردىئالىست (primordialist)لار، ئېتنوسىمبولىست (ethnosymbolism)لار ۋە مودېرنىست (modernist)لار مەۋجۇت. پەرەننىئالىستلار «ئېتنىك» ۋە «ئۇلۇس» مەسىلىسىنى ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىدىغانلىقتىن، ئۇلار «ئېتنىك» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى «ئۇلۇس» ئۇقۇمىدىن پەرقلەندۈرمەيدىغان بولۇپ، ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويغاندەك «ئۇلۇس» سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن دۆلەت قۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەزەلدىن ئېتنىك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان نەرسە دەپ قارايدۇ. پەرەننىئالىستلار ۋە پرىموردىئالىستلار دىن ئىبارەت ھەر ئىككى ئېقىم «ئۇلۇس» ئەسلىدىنلا بىر ئېتنىك ئۇقۇم، ئۇ بىر پۈتۈن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئاتا بوۋىلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزىغا ، قانداشلىققا ، ئىرقىغا باغلانغان بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇ ھەرگىزمۇ مودېرنىستلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسى ئوتتۇرىغا قويغاندەك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەت تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئېتنىك مىللەتلەر ياكى ھەر خىل دىن، سىنىپ ۋە جىنسلاردىن تەشكىل تېپىشى مۇمكىن بولغان كۆپ مىللەتلىك( civic) گراژدانلار توپى ياكى بىرلا ئېتنىكتىن تەركىپ تاپقان ئېتنىك دۆلەت مىللىتى ئەمەس دەپ قارايدۇ. ( Smith, 1998)

ئانتروپولوگىيەنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئېتنىك نەزەرىيەسى ئۇلۇسچىلىقنى پەقەت ئېتنىك مىللەتچىلىكنىڭ بىر ۋارىيانتى دەپ قارىغانلىقى ۋە ئېتنىك بىلەن ئۇلۇس ئىككىسىنى ئوخشاش ئۇقۇم شەكلىدە بىر بىرىدىن ئانچە پەرقلەندۈرۈپ كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇلۇسچىلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسى بىلەن زىت كېلىدۇ. توماس ئېرىكسېن قاتارلىق مودېرنىستلار بولسا ئېتنىكلىق ياكى ئېتنىك كىملىك مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇلۇسچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارغا رەددىيە بېرىدۇ. (Eriksen, 2010. p.121)

بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ ئۇلۇسچىلىق قىسمىدا تەپسىلىرەك توختىلىمىز. ئانتونى سىمت قاتارلىق ئېتنوسىمبولىستلارمۇ ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ تەھلىل قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىنى رەت قىلمىغان ئەھۋالدا ئېتنىكلىقنى ئۇلۇسچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل، ئېتنىكلىق ئۇلۇسنىڭ ئاساسي، ئۇلۇس ئېتنىكتىن تەرەققىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ. ۋە ئېتنىكلىقنىڭ ئۇلۇسچىلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ. مەسىلەن بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر ئۇلۇسچىلىق ئېتنىك تۇپلۇمسىز مەۋجۇت بولالمايدۇ، «ئېتنىك» مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالدا ئۇلۇسچىلىق «ئۇلۇس»نى يارىتالمايدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار، فرانسىيە ئىنقىلابىي ۋە گېرمان رومانتىزىمى تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن دۆلەتچىلىك ئىدىيىسى ئەمەلىيەتتە، تارىخى يىلتىز، مەدەنىيەت، ئۆرپ -ئادەت، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، قانداشلىق ۋە ئۆزگە تۈتېم قىلغان سىمۋوللۇق بەلگىلەر قاتارلىق بارلىق قەدىمىيلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئۆزگە مۇجەسسەملەش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ.(Smith, 1999. p.58)

بۇ سەۋەبتىن ئۇلۇس ۋە مىللەت ئۇقۇمى بىلەن ئېتنىك ئۇقۇمىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېتنىك ئۇقۇمى بىلەن ئىرق ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا مۇرەككەپ بولۇپ، غەرب مىللەتچىلىرى ئۇلۇس ئۇقۇمىنى بىۋاستە ئۇلۇسچىلىقا باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ ۋە ئۇلۇسچىلىقنى بولسا بىۋاستە ھالدە دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە باغلاپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك سىياسي تۈس بېرىدۇ .

يىغىنچاقلىغاندا، مودېرنىست ئۇلۇسچى نەزەرىيەچىلىرىنىڭ «ئۇلۇس» نى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن، قانۇن تۈزۈم ھوقۇق مەجبۇرىيەتكە باغلانغان دۆلەت گراژدانلىرى سۈپىتىدىكى يېڭى مەدەنىيەتتە پەيدا بولغان دەپ قارىشى ، ۋە شۇنداقلا پەرەنىئالىستلار ۋە پرىموردىئالىستلارنىڭ ئۇلۇس ئۇقۇمى يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەمەس ئۇ دۆلەتچىلىك پەيدا بولۇشتىن ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىلا ئېتنىك سۈپەتتە ئوخشاش قانداشلىق ۋە يىلتىزغا باغلىنىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان «ئېتنىكلىق» دەپ قارىشى ۋە ئېتنوسىمۋولىستلار ئېقىمىنىڭ ئۇلۇسنى ئېتنىكلىقتىن تەرەققىي قىلىپ سىياسىۋىلىقا كوتۈرۈلۈش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇ ھەم ئەزەلدىن بار بولغان، كۇلتۇر، دىن ۋە تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئېتنىك بىر ئۇقۇم، ھەم مودېرنىزىمنى ئاساس قىلغان ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەچىللىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك دۆلەتچىلىك ھەركىتى جەريانىدا، ئۆزىنى سىياسىۋىلەشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بىر ئۇقۇم

دەپ قارىشى قاتارلىق ئوخشىمىغان ئېقىم ۋە قاراشلار تۇپەيلىدىن ئۇلۇس، مىللەت ۋە ئېتنىك ئۇقۇمى ناھايىتى ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

بۇ سەۋەپتىن ئادەتتە كۆپ ھاللاردا، ئېتنىك توپلۇملارنىڭ ھېچقانداق سىياسىي خارەكتىر ۋە دۆلەت قۇرۇش تۇيغۇسى بولمىغان، پەقەت كۇلتۇر ھەق-ھوقۇقلىرى ئۈچۈنلا قىلغان ھەركەت ۋە كۆرەشلىرىمۇ ئېتنىك مىللەتچىلىك دەپ قارىلىپ قالىدۇ. چۈنكى، «ئېتنىك» چۈشەنچىسى بىلەن «ئۇلۇس» چۈشەنچىسىنى ئوخشاش ئۇقۇم دەپ قارىلىپ، ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىنى كۆزدە تۇتقان سىياسىي خارەكتېرغا ئىگە مىللەتچىلىك بىلەن كۇلتۇر ھەق-ھوقۇق نەزەرىيەسىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتچىلىكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتىشىمىزگە سەۋەب بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇلۇس، ئېتنىك مىللەت ۋە ئېتنىك توپلۇم ئۇقۇملىرىغا، ئۇلۇس نەزەرىيەچىلىرىگە ئوخشاش سىياسىي نۇقتىدىن قارىغىنىمىزدا، ئېتنىك توپلۇملارنىڭ كۇلتۇر، ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشى دۆلەتنى كونترول قىلىش ياكى دۆلەت قۇرۇشقا ئۆتكەندە ئاندىن مىللەت بولۇپ شەكىللىنىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. (Eriksen, 2010. p.10)

دېمەك ئېتنىك گۇرۇپ بىلەن ئۇلۇس ۋە مىللەتنىڭ پەرقىي ئۇنىڭ سىياسىي تۇس ئېلىش-ئالماسلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان بولۇپ، ئېتنىكلىقنى بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ تارىخىي ئەسلىمىسى، يىلتىزى، بايراق ۋە باشقا سىموۋۇللۇق خاراكتېرىنى ئالغان تەشكىلاتلارغا ياكى كۇلتۇر تۇسىنى ئالغان تەشكىلاتلارغا باغلاپ، ئۇلۇس ۋە ئۇلۇسچىلىقنى بولسا بۇ ئېتنىك يىلتىزدىن باشقا يەنە دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىگە باغلاپ چۈشەنگىنىمىزدە بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بىر ئېتنىك توپلۇم، دۆلەتچىلىك ئىدىيىسى ۋە دۆلەت ۋە ياكى دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىدىن مۇستەسنا بولغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلۇسچىلىق ئىدىيىسىدىن ئايرىۋېتىلگەن، نوقۇل ھالدىكى ئېتنىك مەۋجۇتلۇقنىلا گەۋدىلەندۈرىدىغان توپلۇمغا قارىتىلغىنىدا، ئۇ ھالدا بۇ توپلۇم ئۇلۇس ھېساپلانمايدۇ. ئېتنىك ئۇقۇمى، سىياسىلاشمىغان، يەككە ھالەتتىكى مەلۇم ئېتنىك توپلۇمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئېتنىك جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇر دېگەن سۆز پەقەتلا ئۇيغۇر خەلقىنىلا، خىتاي دېگەندە خىتاي دۆلىتىدىكى ھەممە خەلقلەرنى ئەمەس يالغۇز خىتايلارنىلا، ئەرەپ دېگەندە مەلۇم بىر دۆلەتتىكى ئەمەس دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئەرەپ خەلقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئۇلۇس ئۇقۇمى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ دۆلەت مىللىتى ئۇقۇمىنى كورسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقاندا ھەممە ئېتنىك مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بەلكىم ياپونىيە، گېرمانىيە، شېۋىتسىيە ۋە فىنلاندىيەلەردەك ياپون، گېرمان، شۋېت، فىنگە ئوخشاش بىرلا ئېتنىك مىللەتنى ئاساس قىلغان ئېتنىك دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى بولىشىمۇ، ياكى بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقى، يۇگوسلاۋىيە، ھازىرقى كاناداغا ئوخشاش بىر قانچە ئېتنىك مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان كۆپ ئېتنىك مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتىنىڭ ئۇلۇسى بولۇشىمۇ ۋە ياكى بېلگىيەگە ئوخشاش قوش ئېتنىك مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتىنىڭ ئۇلۇسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئۇلۇس دۆلىتى ئافغانىستان،

ئىران، ۋاتىكانلاردەك دىنى دۆلەت بولۇشمۇ ياكى سەئۇدى ئەرەبىستاندەك پادىشالىق دۆلەت ۋە ياكى شىمالىي ئافرىقا دۆلەتلىرىدەك قەبىلە دۆلىتى بولۇشمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، ئۇلۇس دۆلىتى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيەسى، رىم ئىمپەرىيەلىرىدەك كوپلىگەن ئۇلۇسلارنىڭ تېرىتورىيىلىرىنى بېسىۋالغان ئىمپېرىيە بولماستىن بەلكى مەلۇم بىر تېرىتورىيەدىكى بىرلا ئېتنىك مىللەتنىڭ ياكى شۇ تېرىتورىيەدىكى كۆپلىگەن ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز سىياسىي دۆلىتىنى قۇرۇش ئىستىگىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇس دۆلىتىدۇر. (Kazancıgil, A. and Doğan, M. 1986) لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇلۇس دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە بىرلا مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇ دۆلەت تېررىتورىيەسى ئىچىدە پەقەت بىرلا مىللەت ياشايدىغان ئۇلۇس دۆلىتىنى تېپىش قىيىن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان بولغان 190 دىن كۆپ دۆلەتنىڭ 90% ئى كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتى ھىساپلىنىدۇ . خىتاي گەرچە ئۆزىنى كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتى دەپ ئاتىسىمۇ، خىتايدىن ئىبارەت بىر مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتىگە قاراپ مېڭىشنى نىشان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ۋە ھەتتا خەلقارادا شۇنداق تونۇلسىمۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە شەرقى تۈركىستان ۋە تىبەتكە ئوخشاش باشقا ئۇلۇس دۆلەتلىرىنى بېسىۋالغانلىقتىن، خىتاي ئۇلۇس دۆلىتى بولماستىن بەلكى خىتاي ئىمپېرىيەسىدۇر.

### ئۇيغۇرلار ۋە ئېتنىكلىق

توماس ئېرىكسېن Eriksen, (2010. pp-17-18) ئۆزىنىڭ ئېتنىك دېگەن نىمە دېگەن ماقالىسىدا ئېتنىك ھەققىدىكى بىرقانچە نەزەرىيەلەرنى يەكۈنلىگەن بولۇپ، ئېتنىكلىقنىڭ مەلۇم كىشىلەر توپى بىلەن باشقا كىشىلەر توپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئېتنىكلىق بىر كىشىنىڭ ئۆزىنى باشقا توپلۇم ئەزالىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقنى كورسىتىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتۇر دەپ قارايدۇ، ئۇ ئېتنىك مۇناسىۋەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆرلەرگە ئايرىيدۇ:

1. باشقىلارنىڭ دۆلىتىگە كۆچۈپ بېرىپ ياشاۋاتقان كۆچمەنلەر ياكى سانى ئاز، ئۆز ئالدىغا دۆلىتى بولۇپ باقمىغان ئاز سانلىق خەلقلەر. ئۇلار بەزى كەمسىتىلىشلەرگە ئۇچراپ، ھەق - ھوقۇق دەۋاسى قىلىۋاتقان لېكىن باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە ياشاۋاتقانلىقى ۋە باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقىي بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىۋىلىكى يوقلار.

2. مۇستەملىكە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش دەۋاسى قىلىۋاتقان، سىياسى تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، لېكىن تېخى بىر مۇستەقىل ئۇلۇس( دۆلەت مىللىتى ) بولالمىغان ئېتنىك توپلۇم ياكى توپلۇملار.

3. بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى شۇ دۆلەتنى بىرلىكتە قۇرۇشقا تۆھپە قوشقان ۋە شۇ دۆلەتنىڭ ئورتاق ئىگىسى بولغان ۋە شۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى ھېساپلانغان ھەر خىل ئېتنىك مىللەتلەر.

4 . بۇرۇنقى قۇللارنىڭ يېڭى زاماندىكى ئەۋلادلىرى، مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى.

5. يەرلىك قەۋم ياكى يەرلىك خەلقلەر( indigenous people)، ئۇلار ئۇلۇسلىششنى خالىمايدىغان دۆلەتسىز سىياسىي تۈزۈمنى تەرغىپ قىلىدىغان توپلۇم.

ئۇيغۇرلار گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بىر پارچە تېرىتورىيەنىڭلا ئەمەس بەلكى شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بىر دۆلەتنىڭ ئەسلى يەرلىك ئىگىللىرى بولغانلىقتىن، يۇقارقى بەشىنچى تۈردە كۆرسىتىلگەن خەلقارالىق يەرلىك خەلق ئۇقۇمىدىكى يەرلىك خەلقلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى قۇللارنىڭ ئەۋلادىمۇ ياكى خىتاينىڭ دۆلىتىگە باشقا بىر يەردىن كۆچۈپ كېلىپ ياشىغان كۆچمەن ئېتنىك گۇرۇپپىمۇ ئەمەس ۋە ياكى ئاز سانلىق خەلقمۇ ئەمەس بەلكى دۆلەت قۇرغان بىر ئېتنىك مىللەت. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى ئاز سانلىق خەلقلەر كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ ئازسانلىق مىللەت دەپ ئاتاپ كەلدى.[7] خىتاي تارىخىغا قارايدىغان بولساق خىتاي، ئېتنىك مىللەتچىلىك ئۇقۇمى بىلەن ئۇلۇسچىلىقنى مىللەت ۋە مىللەتچىلىك دەپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇسچىلىقمۇ ئېتنىك مىللەتچىلىكتىن پەرقسىز چۈشىنىۋېلىنغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۇلۇس دولىتى دەپ ئاتىۋالغان دۆلىتىمۇ، كوپ مىللەتلىك ئۇلۇسچىلىقنى ئەمەس، ئېتنىك خەن مىللەتچىلىگىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت  ئۇقۇمىنى خىتايدا بىرىنچى قېتىم تونۇتقان لياڭ چىچاۋ(梁启超 1873 - 1929) 1903- يىلى مانجۇ ئىمپېرىيەسىدىكى خىتايلاردىن باشقا مىللەتلەرنى كىچىك مىللەتلەر (小民族) دەپ ئاتىغان[8]. گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ مۇھىم شەخسلىرىدىن ۋاڭ جىڭۋېي (汪精衛1883-1944) 1905 - يىلى تۇنجى قېتىم 少數民族 ئاتالغۇسىنى ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا كۆپ سانلىق بولغان مىللەت(多数民族 يەنى خىتاي) ئاز سانلىق (خىتاي بولمىغان) مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشى كېرەك[9]. گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇن يات-سەن (سۇن جۇڭشەن) مۇ بۇ ئاتالغۇنى ئوخشاش مەنىدە قوللانغان. تارىختا خىتاينى ئىككى قېتىم بېسىۋالغان موڭغۇللار ۋە مانچۇلارنى ئازسانلىق مىللەت دەپ ئاتىغان ھەم بۇ

[7] ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ ئاز سانلىق مىللەت كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈشكە ئائىت تۆۋەندىكى خىتايچە تارىخى مەنبەلەرنى دىر. ئەركىن ئەكرەم تەمىنلىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنبەلەرنى سېلىشتۇرىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنماي ئوز پېتى ئېلىندى ۋە ئاساسى مەزمۇنىغا قىستۇرۇلماي ئىزاھ شەكلىدە ساقلاپ قېلىندى:

[8] 梁啟超, <政治學大家伯倫知理之學說> (1903 年10 月), 梁啟超,《飲冰室文集》之十三, 第5冊, 臺北: 中華書局, 198:75-76.
[9]精卫, <民族的国民>, 恂如编, 《汪精卫集》第1卷, 上海: 光明书局, 1929:9.

مىللەتلەر كۆپ سانلىق مىللەت بولغان بىزلەر تەرىپىمىزدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنغان دەپ سۆزلەپ ئۆتكەن[10]. سۇن يات-سەن تەييارلىغان گومىنداڭنىڭ دۆلەت قۇرۇش پروگراممىسى ( 建國大綱 ) دا ئازسانلىق مىللەتلەر دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ئاجىز مىللەتلەر( 弱小民族) دەپمۇ ئىشلەتكەن. سۇن يات-سەن تەييارلىغان خىتاي گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ باياننامىسىدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يوقىتىپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك جۇڭخۇا مىللىتى(nation)(大中華民族) نى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ يازغان[11]. تەپسىلى قىلىپ ئېيتقاندا مانجۇلار، موڭغۇللار، مۇسۇلمانلار ۋە تىبەتلەرنى بىر قازاندا قايناتىپ جۇڭخۇا مىللىتىنى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان[12]. 1928 - يىلى 7 - ئايدا چاقىرىلغان خىتاي كوممۇنىستىنىك پارتىيەسىنىڭ 6- قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدا كوممۇنىستلار تۇنجى قېتىم « ئاز سانلىق مىللەت» سۆزىنى ئىشلەتكەن[13]. گەرچە خىتاي ئۆزىنى 56 ئېتنىك مىللەتتىن تەركىب تاپقان كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتى دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما جۇڭخۇا مىللىتى دېيىش ئارقىلىق، ئېتنىك خەن مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىمپېرىيە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار ھېچقاچان خىتاي دۆلىتىگە مەنسۇپ بولغان باشقا مىللەتلەردەك بارلىق دۆلەت ھوقۇقلىرىدىن، قانۇني قوغدىنىشتىن، مائارىپ سىستېمىسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقان بىر مىللەت ئەمەس. ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا، يەنى خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى خۇاشيا[14] مىللىتىگە مەنسۇپ بولمىغان، ئۇلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئىرق، شۇنداقلا مەدەنىيەت(كۇلتۇر) ۋە ئېتنىك جەھەتتە خىتايلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بىر ئېتنىك توپلۇم. ئۇلار ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ئېتنىك مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، توماس ئېرىكسون ئايرىغان 2- تۈرگە چۈشىدۇ، ئەمما بۇ تۈر دۆلەت قۇرغان قۇرمىغان بارلىق مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئېتنىكلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا، ئۆز ۋاقتىدا دۆلىتىدە «ئۇلۇس» بولغان، ئۆز ۋەتىنىدە ئىككى قېتىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرغان ئاساسلىق ئېتنىك مىللەت بولۇپ، دۆلەت قۇرمىغان ئېتنىك توپلۇملاردىن پەرقلىق. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە دۆلىتىنى يوقاتقانلىقى، خىتاي تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «ئۇلۇس» لۇق سالاھىيىتىنى يوقۇتۇپ قويغان بولسىمۇ ئەمما ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ قايتىدىن ئۆز ئالدىغا مۇستەققىل دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلغانلىقى سەۋەپلىك ئۇ « ئۇلۇس» سالاھىيىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئېتنىك مىللەت قاتارىغا كىرىدۇ. ئېتنىك توپلۇم بىلەن ئۇلۇسنىڭ پەرقى ئېتنىك توپلۇمنىڭ سىياسى مەنىسى بىلەن ئۇلۇسچىلىقنىڭ سىياسى مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىدا ئەكس ئېتىدىغان بولۇپ، ئېتنىك مىللەتنىڭ ياكى ئېتنىك توپلۇمنىڭ سىياسىيلىكى، ئۇنىڭ ئۇلۇس بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا

---

[10] 孫中山, <三民主義: 民族主義　第二講> (1924年02月03日),《國父全集》第1冊, 臺北: 中國國民黨中央委員會, 1981:38.

[11] 孙中山, <中国国民党宣言> (1923 年 1 月 1 日), 《孙中山全集》第7卷, 北京: 中华书局, 2006:3.

[12] 孙中山, <三民主义>, (1921 年 3 月 6 日),《孙中山全集》第 5 卷, 北京: 中华书局, 2006:187.

[13] <中国共产党第六次全国代表大会关于民族问题的决议案>,中共中央统战部编,《民族问题文献汇编》, 中共中央党校出版社,北京, 1991:87,88.

[14] جۇڭيۈەن خۇاشيا (中原华夏) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيا مىللىتى ، جۇڭخۇا (中华) دېگەن سۆز جۇڭيۈەن خۇاشيا (中原华夏) نىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى، خۇاشيا(华夏) خىتاي مىللىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ دۆلەت قۇرۇش ئىدولوگىيەسى ۋە ھەرىكىتىنى كۆرسەتكىنىدە، بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇسلىشىش جەريانىنى كۆرستىدۇ. بىر ئېتنىك گۇرۇپنىڭ سىياسىيلىشىشى توپلۇمنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت ئىچىدە ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىپ قوغدىنىشىنى كورسەتكىنىدە بۇ ئۇنىڭ پەقەت ئېتنىك گۇرۇپ شەكلىدىلا مەجۇدلىقىنى قوغدىشىنى كۆرستىدۇ (Kellas, 1998)

بۇنىڭدىن كورۈۋېلىشقا بولىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇس سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنى ياكى ئۇلۇس كىملىكى كۈرىشىنى كورسەتسە، خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىلھام توختىغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئېتنىك گۇرۇپ مەۋجۇدلىغى كۈرىشى ياكى ئېتنىك كىملىك كۈرىشى قىلىشىنى كورستىدۇ.( كىتاپنىڭ ئېتنىك كىملىك ۋە ئۇلۇس كىملىكى قىسمىدىكى ئېتنىك كىملىك بىلەن ئۇلۇس كىملىكنىڭ پەرقىگە قارالسۇن.) ئېتنىك گۇرۇپ ئادەتتە تۆۋەنلىك ياكى سىگانلارغا ئوخشاش ئېتنىك توپلۇملار بولۇشىمۇ ياكى مەلۇم تېرىتورىيەدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ق ئېتنىك گۇرۇپلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى بىردىن بىر قىزىقىشى ۋە ئارزۇسى ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ قايتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش بولغانلىقتىن، ئۇلۇس زېھنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا ئاندىن ئۇلۇس بولالايدۇ. ئەگەر بۇ ئارزۇدىن ۋاز كەچكىنىدە ئۇنىڭ ئۆز كۈلتۈرىنى، دىنىنى، تىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈچىشىنىڭ ئەھمىيتى پەقەت ئېتنىك بىر توپلۇم ياكى ئېتنىك گۇرۇپ بولۇشقىلا قارىتىلغان بولىدۇ ۋە بۇ ئېتنىك گۇرۇپ ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا زېمىن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىي ۋە مۇستەقىللىقى بولمىغىنىدا، بۇ توپلۇم ياشاۋاتقان دۆلەتتە دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك قىممەت قارىشى بولمىغان ئەھۋالدا، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۆز ئېتنىك كىملىكى، دىنىي كىملىكى ۋە تىلىنى ساقلاپ قېلىشى كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ. بىز بۇ كىتاپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەتلىرىدە ئېتنىك ئۇقۇمى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار تۈغرىسىدا توختالغىنىمىزدا بىر قانچە خىل ئېقىملار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىپ ئوتكەن ئىدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىقىنىڭ ساقلىنىشى باشقا توپلۇملاردەك يالغۇز ئەسلى ئېتنىكلىق ئامىللارغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن بەلكى يەنە ئېتنىك پەرقىنىڭ ئېتنىكنى پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەھمىيتىنى يۇتتۇرۇپ قويماسلىقىغىمۇ باغلىق. توماس ئېركسېن قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار پەرقنىڭ ئېتنىكلىقنى ساقلاشتىكى ئەھمىيتىنى دەلىللەپ «بىز ۋە ئۇلار» نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. (Eriksen, 2010. p.23)

بۇ نەزەرىيەگە ئاساسلانغاندا، بىر مىلەتتىنىڭ ياكى ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن »بىز ۋە ئۇلار« دەپ پەرقلەندۈرەلىشى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانداق ئاتىشى، ئۆزىگە قانداق باھا بېرىشى ئۆزىدە قانداق قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى ۋە ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قانداق شەكىلدە ئىپادىلەپ قانداق تەرەققىي قىلدۇرىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇرلاردا ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ھەممىلا مىللەتكە بولماستىن پەقەت خىتايلارغىلا

ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە قارىتىلىپ كەلگەنلىكىدىن، بۇ پەرقلەندۈرۈشنىڭ خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىگە بولغان نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر زۇلۇم داۋاملاشسا، ئۇيغۇرلار دۈشمەنلىك تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى پەرقلەندۈرۈش ئەنئەنىسىنى كۈچلۈك دەرىجىدە قوغداش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى يوقۇتۇش سىياسىتىنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقى ئېنىق. (ئەمما بۇ خىل پەرقنى داۋاملاشتۇرۇش ئەركىنلىكمۇ ئېغىر چەكلىنىپ، ئەسلى كىملىك ئۇنتۇلدۇرىۋېتىلگەندە، قايتا تىرىلىش ۋە پەرقنى يېتىلدۈرۈش يەنىلا شەخس ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنى تېپىۋالالايدىغان بىر پۇرسەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا ۋە تېپىۋالغان كىملىكىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىشىغا باغلىق بولۇشى مۇمكىن.) ئەگەر ئۇيغۇرلار دىنى، تىلى شۇنداقلا يەنە ئۆزىگە خاس ناخشا - ئۇسۇل كۇلتۇرى، تاماق كۇلتۇرى، داستىخان كۇلتۇرى، توي — تۆكۈن، نەزىر - چىراق كۇلتۇرى، مېھمان كۈتۈش كۇلتۇرى قاتارلىق بىر قاتار كۇلتۇرلىرىدىن باشقا يەنە، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئەنئەنىلىرىنى، مەيلى بۇ ئەنئەنىلەر قانچىلىك كىچىك ۋە ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، مەسىلەن: تاماق ۋاقتىدا كۆپ گەپ قىلماسلىق، ناننى يەرگە تاشلىماسلىق، كۆرگەنلا نەرسىنى يېمەسلىك، خىتايلارغا ئوخشاش جانلىقلارغا زۇلۇم سالماسلىق، خىتايدەك كۇلۇپ، خىتايدەك يىغلىماسلىق، خىتايدەك چوكا تۇتماسلىق دېگەندەك ئەنئەنىلەرنى ۋە خىتاي بىلەن بولغان ساناپ تۈگەتكۈسىز پەرقلەر ساقلىيالىسا، ۋە ئۇندىن باشقا يەنە بىز پەرق قىلىپ يېتىلدۈرىشىمىز مۇمكىن بولغان گۈزەل سۈپەتلەر مەسىلەن: ئۇيغۇرلار مەسئۇلىيەتچان مىللەت، ئىلمسۆيەر مىللەت، ئۇيغۇرلار باش ئەگمەس مىللەت، ئۇيغۇرلار تىرىشچان مىللەت، ئۇيغۇرلار ھايالىق مىللەت، ئۇيغۇرلار سەنئەتكار مىللەت دېگەندەك بىرمۇنچە ئېسىل خىسلەتلەرنى يېتىلدۈرەلىسە، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك خاراكتېرىنى بەلگىلەپ قويۇشى مۇمكىن. دەل ئەكسىچە، شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى ئۆز كىملىكىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانلىرى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ، ئۆز كىملىكىگە يات كىملىك تاللاش ياكى سىڭدۈرۈش ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ يوقۇلۇشىغا شەخسنىڭ خاھىشى بويىچە زىيان كەلتۈرگەنلىك ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئەرەپلەرنىڭ كۇلتۇرى بويىچە نىقاپلىق قارا كىيىم كىيىشى ۋە بىر قىسىم ئائىللارنىڭ غەرپ مەدەنىيىتى بويىچە ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق كىيىنىشى نەتىجىسىدە، مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلىش، يۈرۈش — تۇرۇش، ئۆرپ - ئادەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە ئوخشىماسلىق پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى پەرقلىق ھېس قىلىدىغان ئايرىم گۇرۇپپا پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلۇققا مەنسۇپ بولغان كىملىكىمىزدە ئۆز ئىچىمىزدە پەرق پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى، بولۇپمۇ ئىچىمىزدىكى غەيرى دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ياكى دىنسىزلارنىڭ كۆپىيىشى ئارىمىزدىكى پەرقنى چوڭايتىپ، بىر قانچە ئېتنىك گۇرۇپپا بۆلۈنۈپ كېتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېتنىكلىقىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا دىندا مۆتىدىل يولنى تۇتۇشنىڭ ئورنىغا مودېرن ۋە رادىكال دەپ ئىككىگە بولۇنۇپ كېتىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىقىنىڭ تېزلىكتە يوقۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇنداق بولغاندا بىز ئۆز ئىچىمىزدە بىر بىرىمىز بىلەن «بىز ۋە ئۇلار» پەرقىنى پەيدا قىلىۋالىمىز.

دۇنيادىكى ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ شەكىللىنىش، ساقلىنىپ قېلىش ياكى يوقۇلۇش، سىڭىپ كېتىش جەريانى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە چېتىلىسىمۇ، ئەمما بىز بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغان ئېتنىك گۇرۇپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، بولۇپمۇ كۇلتۇر پەرقى، دىنىي ئېتىقاد پەرقى، پسىخولوگىيەلىك ھىس - تۇيغۇ پەرقى، جەمئىيەتتىكى سىياسىي ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق نۇرغۇن پەرقلەر ئېتنىك گۇرۇپنىڭ مەۋجۇتلىقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.بۇ ئېتنىك پەرقلەرنىڭ تەدرىجىي كىچىكلەپ بېرىشى ياكى چوڭىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئىككى ئېتنىك گۇرۇپ قوشۇلۇپ كېتىپ بىر يېڭى بىر ئېتنىك گۇرۇپنى پەيدا قىلىشى ، ياكى ئىككى ئېتنىك گۇرۇپنىڭ بىرى يەنە بىرىگە سىڭىپ كېتىپ بىر ئېتنىك گۇرۇپ پەيدا بولۇشى ۋە بەلكى يەنە بىر ئېتنىك گۇرۇپ ئۆز ئىچىدىن ئاستا ئاستا پەرق پەيدا قىلىپ ئىككى ئېتنىك گۇرۇپقا ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ( Glazer and Moynihan, 1975)

ئەسلىدىكى يۇگۇسلاۋىيەدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ياكى ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتايدىغان سېرب ياكى كروئاتىيە مىللىتىدىن بولغان خەلقنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان سېرب ياكى كروئاتىيەلار تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى بوسنىيەدە بۇ سېرب مۇسۇلمانلار سېرب بولمىغان باشقا بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. يەنە مەسىلەن ھىندىستاندىكى كۆپلىگەن ئۇششاق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭمۇ ئەسلى يىلتىزى ھىندى بولۇپ، ئوخشىمىغان ئىدولوگىيە ۋە دىنلارغا ئەگىشىش نەتىجىسىدە ئوخشىمىغان ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئادەتتە «بىز ۋە ئۇلار» دەپ پەرقلەندۈرۈش ئىجتىمائىي، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى باراۋەر بولمىغان ئىككى مىللەتتە ئېنىق ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدىغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن: خىتايلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي تەڭسىزلىكنى ھەقلىققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى ھورۇن دەپ تەرىپلىشى، سىياسىي جەھەتتىكى زۇلۇمنى ھەقلىققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى تېرورچى، رادىكال دەپ ئاتىشى، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن خىتايلار ئۆزۈن يىللىق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە دەپ ئاتىشى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خىتاي بىلەن بولغان چەك - چېگرىنى ئايرىش ۋە ئۇلار قىلمۇاتقان زۇلۇمنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئۇلارنى ئادەم يەيدىغان مىللەت ، دىنسىز مەدەنىيەتسىز مىللەت، سەت مىللەت دەپ ئاتىشى گەرچە كەمسىتىش ۋە خىتايلارنى ياراتماسلىق تۇيسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلار خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چوڭايتىپ، ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا رول ئوينىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىلمخۇمار مىللەت، تىرىشچان مىللەت دەپ ئاتىشى ۋە ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان مەسئۇلىيەتچان، باش ئەگمەس، يۈرىگى چوڭ بورە خاراكتېرىدىن پەخىرلىنىشى ۋە ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشى بولسا سىياسىي ئەركىنلىكىدىن ۋاس كەچمەسلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شۇنى قىستۇرۇپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ يەردە « بىز» ۋە « ئۇلار» ئايرىمچىلىقى ئىرقى كەمسىتىشكە ئېلىپ بارامدۇ قانداق ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مەنچە بۇ پۈتۈنلەي « بىز» ۋە « ئۇلار» قارىشىنى كىمگە، قايسى دەرىجىدە، قانداق تەدبىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى « بىز» ۋە « ئۇلار» ئەسلىدىنلا ئىنسانىنىڭ

تەبئىتىدە مەۋجۇت نەرسە بولۇپ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا دۇنيا دۆلەتلەرگە ئايرىلمىغان، ھەر بىر دۆلەت ئۆزىنى « بىز» باشقا دۆلەتلەرنى بولسا « ئۇلار» دېمىگەن، يەر يۈزىمۇ ھەرخىل مىللەتلەرگە ئايرىلمىغان، ھەر بىر مىللەت ئۆزىنى « بىز» باشقا مىللەتنى « ئۇلار» دەپ قارىمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ يەردىكى «بىز» لىك باشقا مىللەتكە قارىتا كەمسىتىش تۇيغىسى ئالمىغان، پەقەت مىللەتپەرۋەرلىك ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارىتا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان ئەھۋالدا ئىرقىي كەمسىتىش ياكى ئىرقچىلىق كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە كۆپ مىللەتلىك دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى ھەر بىر ئېتنىك مىللەتنىڭ « مەن»لىك مەۋجۇتلىقىنى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلسا، شۇ دۆلەتتىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىنى ۋە ئۇلۇسلىقىنى « بىز» لىك ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئېتنىكلارنىڭ « مەن» لىكىنى ئۇلۇس « بىزلىكى» ئىچىدە ياشىتىدۇ. ھەر بىر ئېتنىكنىڭ « مەن» لىكى بۇ يەردە باشقا ئېتنىكلار بىلەن « بىز» لىكتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، باراۋەر قانۇن ئاساسىدا ئۇلارنىڭ بىر- بىرىنى « سەن» ياكى «ئۇلار» ئايرىمچىلىقى بىلەن كەمسىتىشىنى توسۇپ قالىدۇ. ئەمما بارلىق ئېتنىك مىللەت گراژدانىغا باراۋەر ھوقۇق بېرىلمىگەن بىر ئۇلۇس دۆلىتىدە بولسا، بۇ ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى « مەن» ياكى « بىز» دەپ قارىغان، باشقا ئېتنىك مىللەتلەرنى « سەن» ياكى « ئۇلار» دەپ قارىغان ئەھۋالدا بولسا ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر .

## ئېتنىك ۋە ئىرق

بىز يۇقۇرىدا ئېتنىك ئۇقۇمىنىڭ كۆپ ھاللاردا ئىرق بىلەن باغلىنىپ قارالغانلىقىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ ھەقتە جەمئىيەتشۇناسلار، ئانتروپولوگلار ۋە پسىخولوگلار ئوتتۇرىسىدا تالاش — تارتىشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بەزى ئانتروپولوگلار ئېتنىك ئۇقۇمى ئىرق ئۇقۇمىغا قارىغاندا كەڭ بولۇپ، ھەر خىل ئىرقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزى ئانتروپولوگلار ئېتنىك ئۇقۇمى بىلەن ئىرق ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سىزىقى روشەن ئەمەس دەپ قاراپ كەلدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئېتنىك ئۇقۇمى بىلەن ئىرق ئۇقۇمى بىر بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بىر ئېتنىك مىللەتنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئىرقلار، ئوخشىمىغان بىرقانچە بىئولوگىيىلىك قان پەرقىي مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئىرقى ساپ، خاسلا مەلۇم بىر ئىرققا مەنسۇپ مىللەت ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا ئوخشىمىغان رەڭدىكى تېرىلەرنى، سېرىق چاچ، كۆك كۆز، قارا چاچ ، قارا كۆز، ھەتتا قىزىل چاچ، سېرىق كۆزلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلۇقتىن ئىبارەت ئېتنىك كىملىككە مەنسۇپ. چۈنكى قاننى كۆرگىلى بولمايدۇ، رەڭلەرنى كۆرگىلى بولسىمۇ، رەڭلەر سۆزلىمەيدۇ. ئوخشاش تۇيغۇ، ئوخشاش كەچمىش ، ئوخشاش تەقدىر ، ئوخشاش كۇلتۇر ئۇلارنى بىر ئېتنىك توپلۇمغا باغلايدۇ. بىر ئېتنىك مىللەت كۆپلىگەن ئىرقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىكەن، خوش، ئۇنداقتا ئىرقچۇ؟ بىر ئىرق كۆپلىگەن ئېتنىك مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالالامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئوخشاش ئىرققا ئەمما ئوخشىمىغان ئېتنىكلىققا مەنسۇپ نۇرغۇن مىللەتلەر مەۋجۇت، مەسىلەن خىتايلار بىلەن مانجۇلار، پاكىستانلىقلار بىلەن ھىندىستانلىقلار ۋە ياكى بوسنىيەلىك مۇسۇلمانلار بىلەن كروئاتىيەلار ۋە سېربىلار. ئىرق بىلەن ئېتنىك مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرىۋالغىنىمىزدىن كېيىن، ئىرقچىلىق بىلەن ئىتنىك مىللەتچىلىكنى پەرقلەندۈرۈش ئاسانغا توختىشى مۇمكىن. چۈنكى، يېقىندىن بېرى جەمئىيەتشۇناسلار ، تارىخچىلار، ئانتروپولوگلار ئاساسەن دىگۈدەك ئىرقنىڭ نوقۇل ھالدا بىئولوگىيەلىك قانداشلىق، تۇققانچىلىق ۋە گېنغا ئاساسەنلا ئايرىلىدىغان نەرسە ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئىرقنىڭ جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغانلىقى، سىنىپ پەرقىي ۋە مۇستەملىكىچىلىك تۈپەيلىدىن مەيدانغا كېلىدىغانلىقى، چۈنكى يەر شارىلىشىش، ئىنسانلارنىڭ كۆچۈشى، ئۆز - ئارا توپلىشىلار نەتىجىسىدە بىرلا ئىرقتا مەنسۇپ ساپ قاننىڭ ئاساسەن مەۋجۇت بولمايدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا (Wade, 2002)

ئەمما، بۇ خىل قاراش، ئەسلىدىكى بىئولوگىيىلىك ئامىللار ۋە قىياپەتكە ئاساسەن ئىرق ئايرىشنى ئىنكار قىلىپ، ئىرقچىلىقنى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە، ئۇ ياۋروپالىقلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى سەۋەپلىك كېلىپ چىققان كەمسىتىشنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، «ئىرق» ئۇقۇمى تېرە رەڭگى، كۆزنىڭ رەڭگى، چاچ رەڭگى، بەدەن قۇرۇلۇشى، بوي ئېگىزلىكى، يۈز كېپتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۇرسا، نىمە ئۈچۈن ياۋروپالىقلار بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرلا تۇر يەنى پەقەت تېرە رەڭگىنىلا ئاساس قىلىپ ئىرقچىلىق قىلىدۇ؟ دىمەك تېرە رەڭگى ياۋروپالىقلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئالاھىدە كۆرۈنۈش بولغانلىقتىن، ئىرقچىلىق قىلىشتا پەقەت تېرىنىڭ رەڭگىگىلا قارىغان. ئەگەر ئىرق ئوخشىماسلىغى تۈپەيلىدىن ئايرىمچىلىق چىقسا ئىدى پۈتۈن ئوخشىماسلىقلارنىڭ ھەممىسى نەزەرگە ئېلىنغان بولاتتى، شۇڭا ئىرقچىلىق پۈتۈنلەي ئىنسانلار تەرىپىدىن، جەمئىيەت تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان، دىگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ (Wade, 2002.p.4) . ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىرقچىلىق بىئولوگىيىلىك پەرقىلا قارىتىلماي بەلكى بىئولوگويەلىك جەھەتلەردىمۇ پەرقلىرى بولغان بىر مىللەتنىڭ ئېتنىك كۇلتۇرى، دىنى ۋە تىلىغىمۇ قارىتىلغانلىقتىن، ئىرقچىلىق بىلەن ئېتنىك كەمسىتىش ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل غۇۋالىشىپ كەتتى. ۋادە قاتارلىق جەمئىيەتشۇنسلار ئىرقچىلىق بىلەن ئېتنىك كەمسىتىشنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن، ئېتنىك مەدەنىيەت، دىن ۋە تىلغا قارشى كەمسىتىشنى ئىرقچىلىق دەپ قارىماسلىق كېرەك دىگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ (Wade, 2002. p.6). چۈنكى نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپلار چىراي شەكلى ۋە تېرىسىنىڭ رەڭگى بىلەن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقتىن ئېتنىك گۇرۇپقا قارىتىلغان كەمسىتىش بىلەن ئىرقىي كەمسىتىشنى ئايرىغىلى بولماي قالىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، بىر ئېتنىك گۇرۇپنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئىرق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندا بۇ چاغدىكى كەمستىش مەلۇم بىر ئىرققا قارىتىلغان كەمستىش بولماستىن بەلكى ئېتنىك گۇرۇپقا قارىتىلغان كەمستىش بولىدۇ. ئەمما بىرقانچە ئىرقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئېتنىك گۇرۇپ يەنە ئۆزلىرىنى كەمستىۋاتقان يەنە بىر ئېتنىك گۇرۇپ تەرىپىدىن چىراي شەكلىنىڭ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى باشقا بىر ئىرق دەپ قارىلىپ، ئىرقىي كەمستىشكە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ختايلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان دىن، تىل ۋە ئېتنىك ئۇيغۇرلۇققا بولغان ھۇجۇمى ھىچقانداق ئىرقچىلىقنى ئۆز ئىچىگە

ئالمىغانمۇ ؟ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ تۈگىگەن ئەھۋال ئاستىدا ، بۇ پەردە ئىرقچىلىق مەۋجۇت ئەمەس دېيىشكە توغرا كەلسە، كەمسىتىش ۋە زۇلۇم تۈگىگەن بولامدۇ ؟

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار چىراي تۈزۈلۈش قاتارلىق بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئوخشاش ئىرققا مەنسۇپ بولغان بولسا، مۇستەملىكە ۋە سىنىپ پەرقىي تۈپەيلىدىن بولىدىغان كەمسىتىش ۋە زۇلۇمنىڭ شەكلى قايسى شەكىلدە بولغان بولاتتى ؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەگەر خىتاي بىلەن ئىرق پەرقىمىز بولمىغان، خىتاي بىلەن ئوخشاش ئىرققا مەنسۇپ بولغان ھالەتتىمۇ بۇ مۇستەملىكە تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان زۇلۇم ۋە كەمسىتىش ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان بولاتتى. چۈنكى بىز ئۆ چاغدا تېرىمىز، قىياپىتىمىز قاتارلىق بىئولوگىيەلىك سەۋەبلەر يەنى ئىرق جەھەتتىن خىتايغا ئوخشىغانلىقىمىز سەۋەپلىك ئايرىم ئىرق دەپ قارالمىغان تەقدىردىمۇ، ۋە بەلكىم سىنىپ پەرقىمىز، سىياسى ئورنىمىز، دىنىمىز، تىلىمىز، كۇلتۇرىمىز ئارقىلىق ئايرىم بىر ئېتنىك بولۇپ ئايرىلىشىمىز مۇمكىن ئىدى. خىتايلار ئۇزۇن مەزگىل زۇلۇم ئاستىدا ياشىغان، موڭغۇللار ۋە مانجۇلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ۋە غەرپ ئەللىرى تەرىپىدىن شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى دەپ ئاتىلىپ كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان بىر مىللەت بولغانلىقتىن، ئۇلاردا ئۆزىنى كۈچلۈكلەردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش پسىخىكسى شەكىللەنگەن بولۇپ، گەرچە خىتاي مىللىتىدە ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپالىقلار ئۆزلىرىدىكى بىئولوگىيىلىك رەڭ ئوخشىماسلىقنى ئۇستۇنلۇك دەپ قارىغىنىدەك ئۆز قىياپىتى ( رەڭگى، يۈز كېپتى، بەدەن قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بولمىغنى، ئۇلاردا باشقىلارغا نوقۇل ھالدىكى بىئولوگىيىلىك ئىرقچىلىق قىلغۇدەك دەسمايىسى بولمىغنى بىلەن، مۇستەملىكە قىلغۇچى سۈپىتىدە شەكىللەندۈرگەن ئېتنىك كەمسىتىشنى ئوخشاشلا ئىرقچىلىق ئارقىلىق ئىپادىلەيتى. مەسىلەن، خىتاينىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خىتايلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن موڭغۇللارنىڭ ئەۋلاتلىرى ھازىرمۇ خىتايدىكى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ نىڭ بو قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئەسىرگە چۈشكەن بۇ موڭغۇللار قۇل قىلىنىپ ئەسىرلەردىن ئەسىرلەگىچە ئېغىر ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچراپ كەلگەن. ئۇلارغا قىلىنغان مۇستەملىكە ۋە ئەسىر مۇئامىلىسى، ئۇلارنىڭ خىتايلار بىلەن تويلىشىشىغا، بىر ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىگە، نورمال كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، ئوقۇشىغا، ھەتتا ساۋادىنى چىقارغۇدەك خەت ئۆگىنىشىگىمۇ يول قويمىغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى موڭغۇل دەپ ئاتىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان، پەقەت «پەسەندە» دەپ ئاتاشقا بۇيرۇلغان[15] . باشقا خىتايلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىشى، پاكىزە، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشى قەتئى چەكلەنگەن. ئۇلار ياشايدىغان كەنت ھازىرغىچە پەسەندىلەر كەنتى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئېغىر دەرىجىدىكى ئىرقىي كەمسىتىش ئۇلاردا قۇللۇق ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ بالىلىرىنى زادىلا ئۆزلىكىدىن ئوقۇتمايدىكەن، پەقەت ساتىراشلىق، دۇمباق

---

[15] نىگبودىكى قۇللۇقنى كىملىككە ئايلاندۇرۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ موڭغۇللار ھەققىدە پەقەت خىتاينىڭ تۆۋەندىكى تور بېتىدە تارىخىي ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان: 元朝官兵战败不是被杀就是成边，只有这些被贬为贱民，受尽歧视". 《每日頭條》2016年12月31日. https://kknews.cc/zh-sg/history/jvkgj4l.html

چېلىش، پاقا تۇتۇش، مەدداھلىق، ئەخلەتچىلىك، پالچىلىق قاتارلىق كەسپلەرنىلا قىلىدىكەن ۋە ئۆزلىرىنى بىز ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن قۇل بولۇپ تۇغۇلغان، بۇ بىر قانۇنىيەت، ئۆزگەرمەيدۇ دەيدىكەن. بۇ خىل ياشاش ئادىتى ئۇلارنىڭ كۈلتۇرىغا ئايلىنىپ، باشقا ئەركىن موڭغۇللارغا ئوخشىمايدىغان « پەسەندە» لىك كىملىكنى شەكىللەندۈرگەن .

باشقا ئېتنىك  مىللەت مەسىلىلىرىنى قويۇپ تۇرايلى، كۆز ئالدىمىزدا ھازىر ئۇيغۇرلار باشتىن كەچۈرۋاتقان بۇ ئەھۋالمۇ، ئىرق ۋە ئىرقچىلىق مەسىلىسىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئەسلىدە مۇستەملىكچىلىك ۋە تەڭسىزلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئېتنىك ئۇقۇمى ئىرق ئارقىلىق شەرھىلىنىدىغان ياكى ئىرقسىز مەۋجۇت بولالمايدىغان بىر ئۇقۇم بولماستىن، بەلكى ئىرق بىلەن ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغان ۋە بۇ پەرقنىڭ چېگرىسى قالايمىقانلاشتۇرۋېتىلگەن بىر ئۇقۇمدۇر. ئەمما ئۇيغۇرلار خىتايلاردىن ھەم ئىرقىي ھەم ئېتنىك جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقتىن ئىنتايىن مۇكەممەل بىر ئايرىلىش مەۋجۇت .

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سېستىمىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىگە ھۇجۇم قىلىشى بۇ ئېتنىك كىملىك ئۆز ئىچىگە ئالغان تىل ۋە تارىخنى يوقۇتۇش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت  ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنىڭ تارىخىي ۋە سىياسىي يىلتىزىنى تۈپتىن يوق قىلىش ئۈچۈندۇر. بەلكىم بۇلار ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشقىنىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى يوقۇلۇپ پەقەت ئىرقىلا ساقلىنىپ قالغان ۋە ياكى باشقا ھەممە نەرسىسى يوقۇلۇپ، پەقەت جىسمىلا ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇيغۇرلار مىڭ سۇلاسىسىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەن موڭغۇللار ئۈچرىغان ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچرىشى مۇمكىن .

پايدىلانغان ماتىرىياللار:


Anderson, K. (2010). *Marx at the margins*. Chicago: University of Chicago Press, pp.42-154.

Eriksen, T. (2010 ). *Ethnicity and nationalism*. 3rd ed. London: Pluto pres.

Geller, E. (1983). *Nations and nationalism*. 1st ed. Oxford: Basil Blackwell Publishing, p.35.

Glazer, N. and Moynihan, D. (1975). *Ethnicity*: *Theory and Experience*. Cambridge: Harvard Univ. Press, p.115.

Kellas, J. (1998). *The politics of nationalism and etnhnicity*. 2nd ed. London: Palgrave MacMillan, p.7.

Kazancigil, A. and Dogan, M. 1986. *The State in Global Perspective; Comparing Nations: Concepts, Strategies, Substance.* Gower/UNESCO. France. P. 188.

Miles, R. 1989. *Racism*. London: Routledge .2nd ed., 2003

Smith, A. (1988). *The ethnic origins of nations*. Oxford, UK: B. Blackwell. pp 21-44

______ (1998). *Nationalism and modernism*. 1st ed. London: Routledge, p.22.

______(1999 ). *Myths and memories of the nation*. 1st ed. New York: Oxford University Press.

Wade, P. (2002 ). *Race, nature and culture*. 1st ed. London: Pluto Press.

## 2-بۆلۈم: ئېتنىك كىملىك نەزەرىيەسى: ئېتنىك كىملىك ۋە ئىدولوگىيە

كىملىك دېگەن بۇ ئۇقۇم شەخسنىڭ مەن كىم دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشى بىلەن باشلىنىدىغان بولۇپ، شەخسنىڭ كىمگە، قەيەرگە، نىمىگە تەۋە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مەنسۇپلۇقنى كۆرسۈتۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن بىر شەخسنىڭ كىملىكىگە ئۇنىڭ ئىسمى، شەخسىي ئالاھىدىلىكى، ئائىلە كىملىكى، تېررىتورىيە كىملىكى، ئېتنىك كىملىكى، دىنىي كىملىكى، تىل كىملىكى، ھەتتا سىنىپ كىملىكى، جىنس كىملىكى، ياش كىملىكى، يۇرت كىملىكى قاتارلىق بىرمۇنچە كىملىكلەر جۇغلانغان بولۇپ، بىر شەخسنىڭ مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر بولۇشى، دىنىنىڭ ئىسلام بولۇشى، ۋەتىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستان بولۇشى ۋە ئۇيغۇرچە سۆزلىيېلىشى ئۇنىڭ ئېتنىك كىملىكى، دىنىي كىملىكى، مىللىي كىملىكى شۇنداقلا تىل كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ۋە شۇ يەردە ياشايدىغانلىقى ئۇنىڭ تېررىتورىيە كىملىكىنى، ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيەگە مەنسۇپ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇنىڭ تەبىقە كىملىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە مەسىلەن، ئەگەر ئۇ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەلۇم شەھەر- يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسا ئۇنىڭ يۇرت كىملىكمۇ تىلغا ئېلىنغان بولاتتى. ئادەتتە ئۇيغۇرلار يۇرت كىملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان بولۇپ، بىر- بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقنى يۇرت كىملىكى ئارقىلىق پەرقلەندۇرۇپ قەشقەرلىك، خوتەنلىك، غۇلجىلىق قاتارلىق يۇرت ئايرىيدىغان كىملىكلەر تارىختىن بۇيان ئېغىر يۇرتۋازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. غەرپ جەمئىيەتشۇناسلىرى دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى بۇ خىل يۇرت كىملىكنى يەرلىك كىملىك ۋە رايون كىملىكى كاتېگورىيەسىگە ئايرىغان بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ئۇيۇشىشى ۋە تەشكىللىنىشىدە يەرلىك كىملىكنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، ئەمما يەرلىك كىملىك رايون كىملىكىگە مەنسۇپ بولۇش خاراكتېرىنى يوقاتقاندا ئۇيۇشۇش رولىنى يوقۇتۇپ قويىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (Smith, 1991)

ئۇيغۇرلاردىكى يۇرتۋازلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ئەمەلىيەتتە يۇرت كىملىكى تۆپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمىي مىللەت كىملىكىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ۋە ئېتنىك كىملىككە تەھدىد سالىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

بىز بۇ كىتاپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمدە ئېتنىك توپلۇم بىلەن ئېتنىك مىللەت توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. كۆپىنچە ھاللاردا ئېتنىكلىقنى ئېتنىك كىملىك بىلەن ئوخشاش مەنادا چۈشىنىش، دۆلەتنى بار مىللەت ياكى ئۇلۇسنى دۆلەت كىملىكى (ئۇلۇس كىملىكى) بىلەن ئوخشاش مەنادا چۈشىنىش مەۋجۇت، چۈنكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ئېنتايىن تۇتۇق بولۇپ ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتىكى ئانالىزلاردا تۆپتىن

ئوخشىماسلىق ۋە تالاش - تارتىشلار بار بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق بولۇشى شۇنداقلا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنىڭ كىملىكنى توغرا تەھلىل قىلالىشى ئۈچۈن بىز ئېتنىك بىلەن ئېتنىك كىملىك، ئۇلۇس بىلەن ئۇلۇس كىملىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى سىېلىشتۇرۇپ ۋە ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا تىرىشىمىز. ئېتنىك توپلۇم ئېتنىكلىق ۋە ئېتنىك كىملىككە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولۇپ، ئېتنىكلىق ئېتنىك توپلۇمنىڭ كىملىكنى كۆرسەتسە، ئېتنىك كىملىك شەخسنىڭ ئېتنىكلىقنى ئىپادە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. (Isajiw, 1993)

ئېتنىك توپلۇم كىملىكى، ئاز سانلىق مىللەت كىملىكى ۋە ئۇلۇس كىملىكى قاتارلىق كىملىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتنىك كىملىك بىلەن بىۋاستە باغلىنىشى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېتنىك كىملىكنى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

***ئېتنىكلىق ۋە ئېتنىك كىملىك ئۇقۇمىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار***

ئېتنوسىموۋولىستلار ئېقىمىدىكى ئەنگلىيەلىك تارىخچى ۋە جەمئىيەتشۇناس ئانتونى سمىت

Smith (1991, p. 21) ئۆزىنىڭ ئۇلۇس كىملىكى سەرلەۋھىلىك كىتابىدا ئېتنىكلىقنى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغان ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرگە يىغىنچاقلىغان :

1. ئېتنىك بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن شۇ ئېتنىك گۇرۇپنىڭ باشقىلار ۋە ئۆزى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىسمى بولۇشى

2 . ئورتاقلىشالايدىغان ئەجدادلىرى بولۇشى

3 . ئورتاق بىر تارىخي كەچۈرمىشكە ئىگە بولۇشى

4 .ئورتاق مەدىنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە بولۇشى

5 .مەلۇم تېررىتورىيەدە ياشىغان ياكى شۇ تېررىتورىيەگە باغلانغان بولۇشى

6 .توپلۇم شەكلىدە ئۇيۇشالايدىغان بولۇشى

ئېتنىك كىملىك بولسا يۇقۇرىقىدەك ئېتنىكلىق ئامىللارنى كىملەرنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك قوبۇل قىلىپ قانچىلىك داۋاملاشتۇرۇشى بىلەن ئۆلچىنەمدۇ ياكى ئۇ ئامىللار شەخسنىڭ ئىدىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھالدا ئوبيېكتىپ ئامىل سۈپىتىدە ھەرقايسى ئېتنىك توپلۇمغا مەنسۇپ بولغان شەخسنىڭ ئۇستىدە مەۋجۇتلۇقنى ئىپادە قىلىپ ئېتنىك كىملىك دەپ قارىلامدۇ ؟ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ھەرخىل بولۇپ

ئىرېلاندىيىلىك جەمئىيەتشۇناس سىنىسا مالەسەۋىك (Sinisa Malesevic) ئېتنىكلىق بىلەن شەخسنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ :

«بىر شەخسنىڭ ئېتنىكلىقى ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېتنىك كىملىكى تەسىرگە ئۇچرىشى ۋە ئۆزگىرىشى مۇمكىن.» (Malesevic, 2006. p.25)

ئۇنداقتا، خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ يېڭى بىر ئەۋلاتقا ئۆگۈتۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق بىر تېررىتورىيەنىڭ ئىگىللىرى ئەمەسلىگى ئوخشاش بىر كۈلتۈرگە ۋە ھەتتا ئوخشاش قانداشلىققىمۇ مەنسۇپ ئەمەسلىگىنى تەشۋىق قىلىشى[16]، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىگىنى ئوزگەرتۋەتەلەمدۇ؟ ئەگەر ئۇيغۇرلار خىتاي بۇرمىلىغان تارىخنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ يوقۇلۇش ياكى ئۆزگۈرۈش مۇمكىنچىلىگى، ئەلۋەتتە بىر شەخسنىڭ ئېتنىك كىملىگى، ئۇنىڭ بۇرمىلانغان بۇ ئېتنىكلىقنى قانچىلىك قوبۇل قىلىشىغا باغلىق. مېنىڭچە ئېتنىك كىملىك شەخسنىڭ ئەركىنلىگى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ، چۈنكى ئەركىنلىگى يوقالغان شەخس تاللاش ھوقۇقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تېڭىلغان كىملىكنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن. بىز يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ باشقا دۆلەتكە كۆچۈپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ كىملىكىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىگىنى كۆرسەتدىغان يۇقارىدا بايان قىلىنغان 6 تۈرلۈك ئېتنىكلىق ئامىلىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىغا باسقان تامغىسىنى يوقىتىدىغان ياكى يوقاتمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. بەلكىم بىر ياكى ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ۋە ياكى ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ باشقا بىر تېررىتورىيە خەلقلىرىنىڭ كىملىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆزگىرىشى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بىر پۈتۈن توپلۇمنىڭ ئېتنىكلىقىنى ئۆزگەرتۋېتەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما بۇ سان كۆپەيسە ئېتنىكلىقنىڭمۇ ئوخشاشلا تەسىرگە ئۇچراپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس .

دۇنيادىكى ئېتنىك توپلۇملار ئىچىدە، ئېتنوسىموۋولىستلار ئېقىمى يۇقۇرىدا يىغىنچاقلىغان ئېتنىكلىق ئامىللارنى ئۆزىدە تولۇق كۆرسەتكەن ئېتنىك توپلۇملار كۆپ بولسىمۇ، پەقەت بىر قىسمىنى تولۇقلاش ئارقىلىقلا ئېتنىك گۇرۇپ ياكى ئاز سانلىق مىللەت سۈپىتىدە ئېتنىكلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلارمۇ مەۋجۇت. ئۇيغۇرلار بولسا، ئەلۋەتتە بۇ شەرتلەرنىڭ بىر قانچىسىنى ئەمەس بەلكى ھەممىسىنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن (گەرچە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت زىمىن ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ۋاقتىلىق يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ شۇ زىمىنغا مەنسۇپلىقىنى يوقاتقانلىقىقا كىرمەيدۇ) ھەم ئېتنىكلىق يىلتىزىغا باغلانغان ئېتنىك كىملىككە، ھەم تارىختا قۇرغان ئېتنىك دۆلەتكە باغلانغان ئۇلۇس كىملىكىگە ئىگە ئېتنىك مىللەت .لېكىن ئۇيغۇر ئېتنىكلىقى ئەنە شۇنداق كۈچلۈك بولسىمۇ ئەمما ھەر بىر شەخستە ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ساقلىنىشى، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىلا ئېتنىك ئۇيغۇرنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنى نامايەندە

---

[16] chinadailyhk. (2019). White paper: Xinjiang inseparable part of China. [online] Available at: https://www.chinadailyhk.com/articles/228/219/155/1563683130475.html [Accessed 21 Nov. 2019].

قىلىۋاتقان بولۇشى ناتايىن. ئوخشاشلا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئېتنىك كىملىكنى قانچىلىك نامايەندە قىلىش - قىلماسلىقى ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئېتنىكلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە بۇ ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئېتنىكلىقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىش - قالماسلىقىنى بەلگىلەپ قويىدىغانلىقى ئېنىق.

جەمئىيەتشۇناسلار، ئانتروپولوگلارنىڭ ئېتنىك كىملىك ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىدىمۇ كىملىك شەخسنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرنىڭ شەخستە تەبىي گەۋدىلىنىشىمۇ ياكى ئۇ شەخسنىڭ تاللىشى، ئۆزگەرتىشى ۋە يارىتىشى بىلەن مەۋجۇت بولىدىغان ئىدولوگىيەمۇ دېگەن مەسىلە تالاش - تارتىش قىلىنماقتا. خارولد ئىساك(Harold Isaac) قاتارلىق ئېتنوسىموۋولىستلار ياكى پرومورديئالىستلار ئېتنىكلىق ئەسلىدىنلا مەۋجۇت نەرسە بولۇپ ئۇنى ئىنسان ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ كىملىك يارىتىدۇ، مەسىلەن، بىر بوۋاق تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ قايسى ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلۇشى، قانداق ئائىلىدە چوڭ بولۇشى، ئىسمىنىڭ نېمە بولۇشى، قانداق دىن ۋە قانداق تىل بىلەن تەربىيلىنىشى، قانداق قىممەت قارىشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرىشى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ قايسى سىنىپقا مەنسۇپ بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۇنىڭ كىملىگىنى بەلگۈلەپ قويۇدۇ دەپ قارايدۇ. (Isaacs, 1975. p.32)

ئەمما ئۇلار يەنە، شەخسنىڭ بۇ ئېتنىكلىق ئامىللىرىدىن قانچىلىكنى تۇرغۇزالىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ياكى تاشلىۋېتىشى ۋە ۋاز كېچىشى ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر توپلۇمنىڭ ئېتنىك كىملىكنى ساقلاپ قېلىش - قالالماسلىقى شۇ ئېتنىك توپلۇم ئەزالىرىنىڭ غۇرۇرى ۋە ئۆز توپلۇمىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا، شۇنداقلا يەنە ئۆز توپلۇمىغا بولغان مەنسۇپلىقىغا باغلىق، چۈنكى ئۆز ئېتنىك توپلۇمىدىن پەخىرلىنىدىغان بىرسى ئۆز ئېتنىك توپلۇمىنىڭ ئېتنىك ئامىللىرىنى ئۆزىدە تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.(Isaacs, 1975. p.33-36) مالاسەۋىك قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلار بولسا كىملىك ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئېتنىك ئامىللىرىدەك مەلۇم گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى ئۆزىدە ئىشلىتىدىغان ۋە ھەممىسى ئوخشاش نەرسىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئوخشاش دەرىجىدىكى كىملىك ھاسىل قىلىدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ بىر ئىدولوگىيە دەپ قارايدۇ. (Malesevic, 2006. p.30)

مالەسەۋىكنىڭ قارىشىچە ئېتنىك كىملىكنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ دىن، تىل، ئورتاق تېررىتورىيەگە، ئورتاق تارىخ، ئورتاق ئەجداد، چىراي ۋە ئىسىم دېگەندەك ئورتاق مەنسۇبىيەتنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرىشىلا ئەمەس بەلكى ئىنسانلارنىڭ بۇ ئامىللارنى ئۆزىدە قانچىلىك ۋە قانداق گەۋدىلەندۈرۈشىگە باغلىق نەرسە. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن مىسال ئېلىپ، ئېتنىكلىقنى ئۆزىدە ھېچقانچە كۆچلۈك ئىپادە قىلمىغان كىشىلەرنىڭمۇ سىربىيەدىكى ئۇرۇشتا جان پىدا قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ ئاجىز بولۇشى ئۇلارنىڭ ئېتنىكلىقىنى يوقۇتىۋېتەلمىگەنلىنى، بۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى يەنىلا ئاشۇ ئۆز ئېتنىك توپلۇمىغا مەنسۇپ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئېتنىك توپلۇمى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقىنى

ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سىرىبىيەدىكى ئۇرۇش گەرچە دىنىي كىملىكى ( ئىسلامىي كىملىكى ) ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ۋە ئېتنىك كىملىك جەھەتتە ئەجدادى سىرب بولغان مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، سىربلار تەرىپىدىن ئۇلار مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن تەرپلەنگەن ۋە دۇشمەن سىپىگە قويۇلغان. ئۇلار مۇسۇلمان كىملىكىنى ئۆزىدە مەيلى قايسى دەرىجىدە گەۋدىلەندۈرسۇن ياكى گەۋدىلەندۈرمىسۇن، ئۆتمۈش تارىخىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەجدادلىرىنىڭ سىرب ئىكەنلىگى ئۆچۈپ كەتكەن. كانادالىق جەمئىيەتشۇناس ۋسەۋولود ۋ.ئىسايىۋ (Wsevolod W.Isajiw) ئېتنوسىموۋولىستلار ئوتتۇرىغا قويغان ئېتنىكلىق ئامىللىرىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئېتنىكلىقنىڭ سۇبيېكتىپلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغاقويىدۇ (Isajiw, 1993. pp.403-427)

ئېتنىكلىقنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ئۇنىڭ ئېتنوسىموۋولىستلار ياكى پروموردىئالىستلار ئېتىقادىدىكى بىئولوگويەلىك قانداشلىق، تارىخى يىلتىز قاتارلىقلارنى كۆرسەتسە ئۇنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ئۇنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئىپادە قىلىنىشى ۋە قىممىتىگە قارىتىلىدۇ .

خارولد ئىساك (Harold Isaacs) ئۆزىنىڭ ئېتنىك گۇرۇپىنىڭ ئاساسلىق كىملىكى دىگەن ماقالىسىدا، ئانتونى سمىت ئوتتۇرىغا قويغان 6 خىل ئامىل ئىچىدىكى 3 خىل ئامىلنى يەنى ئېتنىك توپلۇم كىشىلىرىنىڭ بىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ( ئورتاقلىشالايدىغان ئەجدادلىرى بولۇش)، تېررىتورىيە ۋە ئىسمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلنى ئاساسلىق ئامىل دەپ كۆرسىتىدۇ(1975.p.48)

ئۇنىڭ قارىشىچە ئىسمىنىڭ كىملىكتە ئوينايدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھەرقانداق بىر شەخس ياكى ئېتنىك توپلۇم ئالدى بىلەن ئۆز كىملىكىنى ئىسىم ئارقىلىق شەرھىيلەيدۇ. مەسىلەن، رۇس مىللىتىنىڭ ئىسمى رۇس، ياپون مىللىتىنىڭ ئىسمى ياپون ۋاھاكازالار. ھارولد ئىساك ماقالىسىدا دۇنيادىكى يەھۇدىي ۋە خىتايغا ئوخشاش قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ئىسمىنىڭ رېئاللىق بىلەن باغلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ھېكايىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئىسمىنىڭ بىر توپلۇمغا كۆرسىتىدىغان سەل قاراشقا بولمايدىغان رولى توغرىسىدا توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ئىسىم بېلىتىنى كۆتۈرۈپ توپلۇمنىڭ كىملىك مەسىلىلىرىدىكى رېئاللىققا قاراپ ماڭغىنىمىزدا، پەقەت ئۇ ئىسىمغا ئەگىشىشلا ئەمەس بەلكى تارىخقا، مۇناسىۋەتلەرگە، دۇنياۋىي ئىشلىرىمىزنى شەكىللەندۈرىدىغان ھىسسىياتقا چوكۇپ كەتكەنلىگىمىزنى كۆرىمىز»(Isaacs, 1975. p.48).

دىمەك ئىسىم پەقەت بىر ناملا بولماستىن بەلكى بىر شەخس ياكى توپلۇمنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇيغۇر ئىسمىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھەر بىر ئۇيغۇر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرقى ئەھۋالى، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەقدىرى قاتارلىق ھەممىلا نەرسىدىن ئۆزىنى ھەرقانچە پىنھان تۇتقان تەقدىردىمۇ، پەقەت ئاشۇ ئىسىم پىشانىسىگە يېزىلىپ كەتكەنلا بولىدىكەن، ھېچقانداق دۇنياۋىي مۇناسىۋەتلەردە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قاچالمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىمۇ ئىسمىنىڭ كىملىك رولى ھەققىدە « بەزى كىشىلەر ئىسمىنى كۆتۈرەلەيدۇ، بەزىلەر كۆتۈرەلمەيدۇ.» دەيدىغان رىۋايەتلەر بار بولۇپ، «پەرزەنتكە قويۇلغان

ئىسىم قانداق بولسا پەرزەنت شۇنداق چوڭ بولىدۇ، ئەگەر ئىسىم ياراشماي قالسا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنت ئىسمىنىڭ تەتۈرسىچە بولىدۇ..» دېگەندەك ئىلمىيلىكى ئىسپاتلانمىغان بۇنداق قاراشقا ئىشىنىدىغانلار خېلى بار. تەجرىبىلەر كۆپ ھاللاردا بۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ ئىسمىنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان سىرلىق باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن، ئۆتكۈر ئىسىملىك باللارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر چوڭ بولىدىغانلىقىنى، ئىسمي - جىسمىغا لايىق بالا بولسۇن دەپ قويۇلغان تىلەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. يەنە بەزى كىشلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىسمىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوڭ قىلىش ئارزۇسى بىلەن بالىلىرىغا ئارزۇ تىلەكلىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇشى ئومۇملاشقان بولۇپ، پەلەستىن ئىنقىلابىدىن ئىلھاملانغان مەزگىللەردە تۇغۇلغان خېلى كۆپ باللارغا ئارافات دېگەن ئىسىم قويۇلغان. ۋە يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئەركىنلىككە تەلپۈنگەنلىكتىن ئەركىن، نىجات، ھۆرىيەت، ئەركىنئاي دېگەندەك ئىسىملار كۆپ قويۇلىدۇ. دېمەك ئىسىم بۇ يەردە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسي ئارزۇسى ئارقىلىق سىياسىي كىملىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇيغۇرلاردىكى تەقۋالىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئەسما، مۇسلىمە، ھىزبۇللا، شەھىدۇللا قاتارلىق ئىسلامىي ئىسىملار كۆپىيىشكە باشلىدى ۋە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان دىنىي كىملىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ تۈردىكى ئىسىملارنى چەكلەش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئاساسىي كىملىكلىرىدىن بىرى بولغان ئىسىم كىملىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى .

دېمەك بىر مىللەت ئىسىم ئارقىلىق تارىخىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئېتىقادىنى، خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئېتنىك كىملىكىنى ئىپادە قىلىدىغان بولۇپ، شۇنداقلا ئىسىم يەنە كىشىلەرنى ئۆزى ياشىغان تېررىتورىيە ياكى زېمىنغا چەمبەرچاس باغلايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا كىشىلەر ئۆز كىملىكىنى ئۆزلىرى ياشىغان زېمىنىنىڭ كىملىكى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن غۇلجىلىق ئۇيغۇرلار ئۆملۈكنى « ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن» دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئورتاقلىقنى ھېس قىلسا، ئاتۇشلۇقلار « مەنمۇ سەندەك ئاتۇشتىكى تاش ئۈستىدە تۇغۇلغان» دېيىش ئارقىلىق، قەشقەرلىقلەر « ھېيتكادا ساما ئويناپ چوڭ بولغانلار بىز» دېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە بىرلىكىنى ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنغا باغلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئورتاق بىر كىملىك شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزلىرىنى « تەكلىماكاندا ئازمىغان ئۇيغۇر باشقا ھەرقانداق يەردە ئازمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چوڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى بولغان تەكلىماكانغا باغلاپ شەرقىي تۈركىستان كىملىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئىسىم خۇددىي بوۋاقنا ئىسىم قويۇلۇپ ئاندىن ئۇ بوۋاق چوڭ بولغانغا قەدەر ئاشۇ ئىسىم ئاساسىدا باشقا كىملىكلىرىنى شەكىللەندۈرگىنىدەك مىللەتنىڭ ئىسمىمۇ بەزىدە بىر مىللەت شەكىللىنىشتىن بۇرۇن قويۇلىدۇ ۋە شۇ مىللەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مالەسەۋىكنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ياسىشى ئېتنىك كىملىكنى شەكىللەندۈرىدۇ دېگەن قارىشىغىمۇ ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن بېنگاللار پاكىستانلىقلاردىن ئايرىم بىر

مىللەت ئەمەس، پەقەت بېنگال ئۆلكىسىنىڭ پاكىستاندىن ئايرىلىپ چىقىشى بىلەن بېنگال (باڭلادېش) ئىسمى بىلەن بىر مىللەت شەكىللەندى .

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسىملارغا ئەھمىيەت بېرىشى، ھەتتا باشقا دۆلەتلەردە تۇغۇلغان باللىرىنىڭ ئىسمىنى ئاخىرىغا تۈركىستان ياكى ئۇيغۇر دېگەندەك ئىسىملارنى قېتىش ئارقىلىق ئۆز يىلتىزىنى مەڭگۈ خاتىرىلىتىش ۋە ئۇنىڭ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كەتمەي ئەۋلاتمۇ — ئەۋلات مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇنتۇلغۇسىز ئورتاق ئەسلىمىلەرگىمۇ ئىگە بىر مىللەت. بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئورتاق ئەسلىمگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇماسلىقىدا ۋە ئۆزلۈكىنى ساقلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، يەنى ئۆز ئالدىغا ئېتنىك سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. مەسىلەن: ئەرمەنلەرنىڭ بىزانسلار، پارسلار ۋە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قېلىشىدىن ئىبارەت ئەسلىمىسى چەتەلدىكى ئەرمەنلەرنىڭ داۋاملىق، ئۈزۈلمەي ئەسلىنى ئۇنتۇماي ياشىشىغا تۈرتكە بولغان بولسا، «تۇنجى بولۇپ خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن توپلۇم» دېگەندىن ئىبارەت ئۇلار پەخىرلىنىپ ياد ئېتىدىغان، ئۇلارنى ئېتىخارلاندۇرىدىغان ئەسلىمىسى ئۇلارنىڭ مەدىنىيىتى ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا خىرىستىئان مىللەتلىرىگە سىڭىشىپ كەتمەي، ئەرمەنى بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۇلاردىكى ئېتنىك مىللەتچىلىكنىڭ كۈچىيىپ، دۆلەت كىملىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا سەۋەب بولغان. ئەنە شۇنداق ئۇنتۇماسلىقتا تېگىشلىك ئەسلىمىلەرنى ئورتاق بىر شەكىلدە مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان توپلۇم بۇ ئارقىلىق ئۆيۈشالايدىغان، بىرلىشەلەيدىغان، يوقالمايدىغان توپلۇم بولۇپ، بۇ ئەسلىمە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى داۋاملىق خاتىرىلىتىپ تۇرىدۇ.

ھارولد ئوتتۇرىغا قويغان ئېتنىك كىملىكنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئىسمىنىڭ زېمىنغا باغلىنىپ كېلىشى ئارقىلىق قانداق بىر تېررىتورىيەدە ياشىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتۇر. يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسانلارنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق يەردە تۇغۇلىشى، قۇملۇق ياكى بوستانلىقتا ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى، قانداق جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۇنىڭ شۇ مۇھىتقا ماسلاشقان كىيىم - كېچەكى ۋە باشقا ئۆرپ - ئادەتلىرى، قانداق نەرسىلەرنى يېيىشى، قانداق كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ئارقىلىق خاسلىق كىملىكنى پەيدا قىلىدۇ. قىسقىسى ئوخشىمىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تارىخى، ياشاش شەكلى ۋە خاراكتېرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. (Isaacs, 1975. p.45)

ئېتنىك توپلۇم كىملىكى ئاساسەن، ئىسىم، چىراي تۈزۈلۈشتىكى پەرق، ياشىغان تېررىتورىيەسى قاتارلىق ئاساسلىق ئامىللاردىن باشقا يەنە دىنىي كىملىك، تىل ۋە مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، ئورتاق تارىخى ئەسلىمە، ۋە ئۆز - ئارا ئۆيۈشۇشقا تۈرتكە بولغان ئىدىيە ۋە قىممەت قاراش ئورتاقلىقلىرىدىن ئىبارەت بىر قاتار كىملىكلەر

ئارقىلىق، دۆلەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۇلۇس كىملىكىنىڭ ئاساسىنى پەيدا قىلىسىمۇ، ئەمما يەنە مالەسەۋىكنىڭ "ئېتنىك كىملىك بىر ئىدولوگىيە" دېگەن نەزەرىيەسىنى تەستىقلايدىغان مىسالالارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن ئېتنىك ئامىللىرنىڭ كۆپىنچىسى يوقۇلۇپ كەتكەن ۋە ياكى كۈچلۈك بولمىغان خەلقلەرنىڭمۇ ئىنسانلار پەيدا قىلغان ۋەزىيەت ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە دۆلەت قۇرۇشى ۋە دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەم دۆلەت مىللىتى ( ئۇلۇس ) ھەم ئېتنىك مىللەت بولالىغانلىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئۇندىن باشقا يەنە بوسنىيەدىكى ئەسلى يىلتىزى سېرب بولغان، ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ دىنىي كىملىكى كۈچلۈك بولمىغان خەلقلەرنىڭ بوسنىيەدىكى قىرغىنچىلىقتىن كېيىن مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن شەرھىيلىنىپ مۇسۇلمان دېگەن بۇ دىنىي كىملىكنىڭ ئۇلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس.

بۇ يەردە دىنىي كىملىكنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختۇلۇپ ئوتۇش زورۇر، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى دىنىي كىملىكتە ئەڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. ئېتنىك كىملىك بىلەن دىنىي كىملىك بىر بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، بىرسىدىن يەنە بىرسىگە ئاسانلا كوچۈشى مۇمكىن، مەسىلەن، ئەرەپ، شىك، يەھۇدى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش نۇرغۇن ئېتنىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى دىنىي كىملىك ئارقىلىق پەرقلەندۈرىدۇ ۋە ئىپادىلەيدۇ. ئەمما دىنىي كىملىك ئېتنىك كىملىككە قارىغاندا كەڭ مەنىدە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئېتنىك مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى ياكى ئوششاق ئېتنىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى دىن ئارقىلىق يوقۇتۇپ، خۇددى بۇددا دىنى سېرىلانكا ۋە بېرمىدا دىنىي تۇس ئالغان بىرلا ئېتنىك مىللەتنى پەيدا قىلغاندەك ئەھۋاللار بولۇشىمۇ مۇمكىن.(Smith, 1991. p.28)

ئەمما دىنىي كىملىكى ئارقىلىق ئېتنىك كىملىكنى ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ دىنىي كىملىك ئىپادىلىگەن ئوخشاش ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىش، ئوخشاش كىتاپقا ئىشىنىش ۋە ئوخشاش قىممەت قاراشقا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنى بىر ئېتنىك كىملىككە تەۋە ھىس قىلىشى، ئەگەر بۇ توپلۇم ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشقا يۈزلەنسە ئېتنىك كىملىكنى ساقلاپ قېلىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇشى ۋە بەلكى مۇمكىن بولماسلىقى مۇمكىن .

دىن ، تىل ۋە كۇلتۇر جەھەتتىكى ئورتاقلىق بىر مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشى، ئومۇمىيلىق پەيدا قىلىشى ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئورتاقلىششىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگى بىر ئەقەللى ساۋات. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى كۆچۈپ بارغان دۆلەت ياكى شەرقىي تۈركىستاندا ئوخشىمىغان دىن، مەزھەپ ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دىنسىزلاشتۇرۇشىغا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئورتاق دىنىي ئېتىقادىنىڭ بۇزۇلۇش ياكى دىنسىزلىشىش كىرىزىسلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيۇششىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كىرگەن خىرىستىئان مىسسىئونېرلارنىڭ تەسىرىدە خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلاردىن كاناداغا كۆچۈپ

كەلگەنلىرىنىڭ سانىلا خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىغان بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ئۆزلىرىنىڭ خىرىستىئان ئىكەنلىگىنى يوشۇرۇش بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر جامائەتچىلىگىدىن قېچىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، خەلقئارا دۇنيانىڭ يېقىنقى يىللاردا مۇسۇلمان كىملىكىگە سەلبىي نەزەردە قارىشى نەتىجىسىدە، خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا چارىسىز قالغان، ئەسلىدىنلا ئىسلامىي ئېتىقادىي كۈچلۈك بولمىغان قىسمەن ئۇيغۇرلاردا خەلقئارا دۇنيانىڭ ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى بىلەن دىن ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنىڭ تېز بولغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدىن نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر جامائىتىگە ئارىلاشمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ھەممىسى بىردەك: «ئەگەر ئۇيغۇرلار بىزنىڭ خىرىستىئان ئىكەنلىگىمىزنى بىلسە چوقۇم بىزگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ، ھەم بىز قويۇق ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئىگە ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەيلى دېسەك، بىز ئۇ كۈلتۈردىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ناھايىتى يات ۋە باشقا بىر مىللەتتەك، ئۇلارنىمۇ باشقا بىر مىللەتتەك ھىس قىلىدىكەنمىز، بىز پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىي پۈرىقى قويۇق بولمىغان كۈلتۈردىكى ياكى سىياسى سورۇنلىرىغىلا راھەت قاتنىشالايمىز» دەپ جاۋاپ بەردى، كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، بۇلار ئارىسىدا تۇيغۇدىكى ئۆزلۈك ۋە بىرلىك، ئۇيۇشۇش ۋە ئورتاقلىقتىن سۆز ئېچىش قىيىن بولىدىكەن. تارىختا قارايدىغان بولساق ئىككى مىللەت قوشۇلۇپ بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش، ياكى ئىككى مىللەتنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىش، ياكى بىر مىللەت ئىككى مىللەتكە پارچىلىنىپ كېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ (Horowitz, 1975)، بوسنىيەدا ئۆزىنى سېرب ۋە كروتىئات ( بۇرۇن ئۇيغۇرچىدا خورۋات دەپ ئالغان ) دەپ ئاتايدىغان مۇسۇلمانلار بوسنىيەدىكى ئېتنىك قىرغىنچىلىقتىن كېيىن ھازىر مۇسۇلمان كىملىكى بىلەن يېڭى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەندى. ئامېرىكىنىڭ كولورادو شىتاتىنىڭ شىمالىدىكى قارا تەنلىكلەر، ئاق تەنلىكلەر ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ چاگلىشىشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر مىللەت شەكىللەنگەن بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ياشايدىغان خالىفاكس ۋە ۋاررەن دېگەن ئىككى كىچىك شەھەر نامىنى بىرلەشتۈرۈپ خالىۋانلار دەپ ئاتاشنى تەلەپ قىلغان (Isaacs, 1975. p.49) . بىر مىللەت، بىر توپلۇمنى ھەرقانچە قىرغىن قىلغان بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى ئىدولوگىيەنى يوقاتمىغۇچە ئۇلارنى پۈتۈنلەي يوقاتقىلى بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئىدولوگىيە ۋە ياكى بۇ ئېتىقادنى يوقۇتۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ۋە قايىل قىلارلىق بىر ئېتىقاد ياكى ئىدولوگىيە بولۇشى كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا ھىتلىر يەھۇدىلارنىڭ ئېتىقادىدىن ئۈستۈن كېلىدىغان ئۇلارنى بۇ ئەتىقات كىملىكىدىن ۋاز كەچتۈرىدىغان بىرە ئېتىقاد ياكى ئىدولوگىيەنى ئۇلارغا تىكلەپ بېرەلمىگەنلىكتىن، ئۆزىنى تۈتالماي قالغان ھىتلىر ئۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن .

نۆۋەتتە بۇ ئۇيغۇرلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شىئە، سۈننى قاتارلىق ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە، تورلۇك جامائەتلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە ياكى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە ياكى دىنسىزلىق ياكى دەئىسم غا ئىشىنىشى گەرچە ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ يوقۇلۇشىدا ئەڭ تېز ۋە خەتەرلىك رول ئوينايدۇ،

شۇنداقلا بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇپ، ساقلىنىپ قېلىشىغا ئىنتايىن چوڭ تەھدىت بولىدىغانلىقى ئېنىق. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنى قاتتىق باستۇرۇپ، زورلۇق بىلەن يوقۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقىگە بۇنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان بىرە ئېتىقاد تىكلەپ بېرەلمەيدىغانلىقتىن، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئاتېزىم ۋە كوڭزى ئىدولوگىيەلىرىنىڭ ئىسلامى ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك رىقابەت كۈچى بولمىغانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي دىنسىزلاشتۇرغان ئۇيغۇرلار ئىسلام بىلەن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى تاپقاندا ناھايىتى تېزلا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي كىملىكىنى يەنە قايتا تېپىۋېلىشى مۇمكىن .

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئۇيغۇر قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچى مۇجاھىدلارنىڭ سەۋەبىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا بولغان زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتتى، ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ خەلقئارالىق جىھادى تېرور تەشكىلاتلىرىنىڭ جىھادىي قىممەت قارىشىنى خىتايغا قارشى كۈرەشتە قوللىنىشى دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئۇيغۇرلارغا پايدىسىز قىلىۋەتتى» دەپ قاراپ، مۇجاھىتلارنى ۋە دىنىي تەقۋالارنى ئەيىپلەشلەر ناھايىتى كۆپ بولۇۋاتىدۇ. سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىكى بۇخىل بۆلۈنۈشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ سۇسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇششىغا سەلبى تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرى قىلىۋاتقان زۇلۇمنىڭ تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىستىراتېگىيەلىك يىلتىزى مەقسەتلىك ياكى پەرۋاسىز ھالدا بۇرمىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي زۇلمىدىن ئازاد قىلىش، «ناھەقچىلىققا قارشى تۇرۇش»، ئىسلامدىكى «بەندىنىڭ ئادالەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشى»دىن ئىبارەت ئەڭ ئەقەللىي دىنىي بۇرچ دەپ بىلىش ئىدىيىسى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقى، ۋە ياكى ئۇيغۇر ئېتنىك مىللەتچىلىگى ۋە ياكى ئەركىنلىك ئىدىيىسى بىلەن زىت كەلمەيدۇ .

«زامانىۋى دىپلوماتىيە» (Modern diplomacy ) گېزىتىنىڭ ئوبزورچىسى ئۇران بوتوبەكوۋ (Uran Botobekov) ئۆزىنىڭ « خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى: بۆلگۈنچىلىكتىن جىھادقا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا، « ئۇيغۇرلار قوراللىق تەلىم - تەربىيە ئېلىش نىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان سىرتىغا چىققان ۋە بۈگۈن سۇرىيەدە قاپسىلىپ قالغان ئىسلام پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقى ۋە ئەركىنلىك كۈرىشى بىلەن يەر شارى خاراكتېرلىق جىھادىزىم ئىبارەت بىر بىرىگە زىت بولغان ئىككى ئۇقۇمنى بىر بىرىگە زىتلەشتۇرمەي بىرلەشتۈرەلىگەن بىر ئىدولوگىيە ياراتتى» (2017 ) دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بوتوبەكوۋ ئېيتقاندەك بىر- بىرىگە زىت بولغان ئىككى ئۇقۇمنى زىتلەشتۇرمەي تەڭ تەرغىپ قىلغانلىق ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭ خەلقئارالىق جىھادىزىم بىلەن ئالاقىسى يوق. بەلكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسىنىڭ قىلغانلىرى ئىسلام كىملىكى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقىنىڭ، مۇسۇلمان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي كىملىكىنىڭ ئۇلارنىڭ ھۆر ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇس كىملىكىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىدا ئەكس ئېتىدىغانلىغىنى كۆرسەتكەن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق كۈرىشىنىڭ بىر ئەركىنلىك كۈرىشى ئىكەنلىگىنى، بۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت ئەمەسلىگىنى ئىسپاتلىغانلىق ئىدى(گەرچە ئۇلار ستراتېگىيەدە، زامان ۋە ماكان مەسىلىسىدە ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ نىيتى ئومۇمى شەرقى تۈركىستان مەنپەەتىگە زىت

كەلمەيتتى). يەنە مەسىلەن، ختتايپەرەس غەرىپ يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان «ئېتنىك كىملىك ۋە مىللەتلەر توقۇنۇشى» دېگەن كىتاپنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان بۆلۈمىدە، گەرچە دۇنيادىكى 5000 قېتىمدىن ئارتۇق ئېتنىك توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئېتنىك كىملىككە مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن دەپسەندە قىلىنىشى تۈپەيلىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ۋە زۇلۇمنىڭ توقۇنۇش پەيدا قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ ئەمما ئېتنىك كىملىك توقۇنۇشلىرىنىڭ تېررورىسىم تۈسىنى ئېلىشىنىڭ زورۇرىيىتى يوقلىقىنى ئەمما پەقەت ئال قائىدا تارتقاتقان رادىكال ئىدولوگىيە تۈپەيلىدىن تېررورىسىم تۈسىنى ئېلىپ قالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ خۇددى چاۋاڭ بىر قولدىن چىقىدۇ دىگەندەكلا بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، ئۇلار ھەتتا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ختتاي دۆلتىگە سادىق بولۇشى ۋە ختتاي ئۇلۇسى كىملىكى بىلەن ئۇيغۇر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئېتنىك كىملىكى ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالمالىق دەپ قاراپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۇيغۇر ئېتنىك مەسىلىسىگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ. ( Gunaratna, Acharya and Wang, 2010. p.15) بۇ خىل ئانالىزلارنىڭ تەسىرىدە قالغان بەزى ئۇيغۇر زىيالىلىرى قوراللىق كۈرەش قىلغۇچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىق ئىدىيىسىنىمۇ رەت قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئەمىلىيەتتە، بۇ رەت قىلىشنىڭ ختتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بۆلگۈنچى ئاتىشىدىن بىر پەرقى يوق ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىك مەسىلىسى ۋە مەنپەئەتى ھەق - ئادالەت مەسىلىسىدۇر. بۇ بىر ئوبيېكتىپ مەسىلە بولۇپ، ئۆزىمىز ئىشەنگەن ەمما بۇ ھەقىقەتكە زىت كېلىدىغان بارلىق ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە قىممەت قاراشلاردىن كېچەلمىگەن ئەھۋالدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ ئالى مەنپەئەتىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۇسۇل چارە ياكى يوللارنىڭ ھەممىسىنى نىشان دەپ قاراپ خاتا چۈشىنىۋالىدىغان، بۇ يول چارىلەر كاللىمىزدىن ئۆتمىگەنندە، نىشان بۇرمىلىنىپ كەتتى دەپ قارشى چىقىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇ دىگەنلىك نىشاننى ئابستراكىت، سىمۋوللۇق بىرنەرسىگە ئايلاندۇرۇپ تىكلەپ قويۇپ، قانداقلا چارىنى ئىشلىتىپ قانداقلا يولدا ماڭساق بولىدۇ دىگەنلىك ئەمەس ئەلۋەتتە. ھەر خىل پائالىيەتلەرنى، دىپلوماتىك ئۇسۇل چارىلەرنى نىشان ئۈچۈن توغرا خىزمەت قىلدۇرالمىغاندا نۇرغۇن ئەكىس تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانغا دەخلى تەرۇز يەتكۈزىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر خىل پىكىردىكى ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئانالىز ۋە مۇنازىرىلىرىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز دىنىنى ختتاي زالىملىرىدىن قوغداش كۈرىشىنى خەلقئارالىق ئىسلامىي جىھاد ھەركەتلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئىسلام دۇنياسىدىكى ناھەقچىلىققا قارشى كۆتۈرۈلگەن بارلىق ھەركەتلەرنى قانداقتۇ باشقا دىنلارنى يوقۇتۇش مەقسىدىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جىھادى ھەركەت دىگەن تۆھمەت بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەنلەرنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنى ئەيىپلەشكە ئالدىرايدىغانلار كۆپىيىدۇ ئەلۋەتتە. زوراۋانلىق زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ناۋادا ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولمىغان بولسا، زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا تىنچلىق ۋاستىسىدىن باشقا ھىچقانداق شەكىلدىكى قارشىلىقنى قىلمىغان بولارمىدى؟

قىرىلىۋاتقان بىر مىللەت ئۈچۈن خەلقئارا قانۇن - نىزاملاردىكى تىنچلىق شوئارلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستان خەلقى تا بۈگۈنگە قەدەر خىتايلار بىلەن قوراللىق كۆرەشكە كىرگۈدەك بىرەر پۇرسەتكە ئېرىشكىنى يوق. مۇسۇلمان بولمىغان تىبەت خەلقى خىتاينىڭ زۇلمىغا قارىتا تىنچلىق يولنى تۇتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ داۋاملىق دېگۈدەك ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ قارشىلىق بىلدۈرىشى زوراۋانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈشى ئەمەلىيەتتە غەزەپنى بۇرمىلاش پسىخىكىسى بولۇپ، زوراۋانلىق نىشانىنى بۇرمىلاش ۋە ئۆزىنى ۋەيران قىلىش ئارقىلىق غەزەپنى ئىپادىلەشتۇر. زوراۋانلىقنىڭ نىشانى كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئۇ بەرىبىر زوراۋانلىقتۇر.

خىتاينىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇر قوراللىق كۆرەشچىللىرىنى جىھادىي تېرور بىلەن باغلاپ تۆھمەت قىلىشى ھەم ئۇيغۇر مۇجاھىدلارنىڭ ئىستراتېگىيەدە كەتكۈزۈپ قويۇشى، كۈچسىز، ياردەمچىسىز ئەھۋالدا قېلىشى، تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلمەسلىگى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى « خىتاي ئۇلارنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدى» دەپ ئۇلاردىن كۆرۈش خىتاينىڭ زېمىنىمىزنى بېسىۋالغان كۈندىن تارتىپلا ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇنى بەرىبىر ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىكەنلىگىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر، شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتۈنلىگىنى بۆلۈشكە خىزمەت قىلىشتۇر .

ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلىرىمىزدە ھەتتا «خىتايدىن پەرقلىق بولۇپ قالغانلىقىمىز ئۇيغۇر بوپقالغانلىقىمىز جىنايەت بوپقالدى، ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلمىساقچۇ كاشكى» دېيىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى باشتىن كەچۈرىۋاتقان بارلىق بەختسىزلىكلەرنى كىملىكىمىزدىن كۆرىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىشقا باشلىدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇشى گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنىڭ خىتايغا ئوخشىمىغانلىقىدىن بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىر قىسمىلا بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئاساسىي سەۋەب ئەمەس. بۇ يەردىكى ئاساسى نېگىزلىك سەۋەب كىملىك بولماستىن، بەلكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، ئىستراتېگىيەلىك ۋە تېررىتورىيەلىك مەسىلە ئىكەنلىگى بىر تارىخىي پاكىت. چۈنكى ئاساسلىق ھەق - ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان بىر توپلۇم ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، نارازىلىق بىلدۈرىدۇ ھەمدە بۇ نارازىلىق باستۇرۇلۇشقا ئۇچراپ توقۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. ھەرگىزمۇ پەقەت كىملىكى باشقا بولغانلىقى ئۈچۈنلا كۆرەش قىلمايدۇ. ھازىر خەلقئارا دۇنيادا ئېتنىك كىرىزىس دەپلا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، دۇنيادىكى توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش - جېدەللەرنى ئېتنىك پەرقىلا ئارتىپ قويۇش تارىخىي سەۋەب ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارغا سەل قاراشتۇر . خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارادىكى بۇ ھۆكۈمران ئېقىمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئېتنىك مەسىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن سالغان ئېغىر زۇلۇملىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئېتنىك كىملىكىدىن قورقۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشغالىيەتتىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش مىللەتچىلىكى خىتاي تەرىپىدىن مانا مۇشۇنداق بۇرمىلىنىپ ئېتنىك مىللەتچىلىك قىلىپ كۆرسىتىلىش نەتىجىسىدە، خەلقئارا جەمئىيەت تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى مۇقەررەر ئىدى. 1990- يىللاردىكى رىۋانداكى قىرغىنچىلىقتا مىڭلىغان، يۈزمىڭلىغان ئىنسان ئۆلدى. كروتىئا

دىكى ئېتنىك قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 58 مىڭدىن ئاشىدىكەن، بوسنىيەدە بولسا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى دەپ پەرەز قىلىنىدى. پەنجاپ، سىرىلانكا، ئەزەربايجان، كەشمىر ۋە بىرمىدىكى قىرغىنچىلىقتىمۇ سانىسىزلىغان كىشىلەر ئۆلدى ۋە ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ زۇلۇم ۋە ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش مەسىلىسى يۇقىرىقى توقۇنۇشلارغا مۇئامىلە قىلىنغىنىدەك ئېتنىك توقۇنۇش مەسىلىسى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغاندا، ئۇ باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئادالەت مەسىلىسى، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆز دۆلىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئىبارەت تېررىتورىيە مەسىلىسى بولماستىن بەلكى ئېتنىك پەرق تۈپەيلىدىن ئىنسانلارنىڭ بىر بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان، نەپرەتلىنىشكە تېگىشلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. (گەرچە يۇقارقى توقۇنۇشلانىڭ ھەممىسىلا ئېتنىك توقۇنۇش سېۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولمىسىمۇ) شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتاي تەشۋىقاتىنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مىللەتچىلىكى روھلاندۇرغان بۆلگۈنچىلىك، رادىكاللىق ۋە تېرورىزىم مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيەسىدىكى خەلقلەرنىڭ تىنچلىقى ۋە باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان، خىتاي ئىدولوگىيىسى بىلەن تۈپتىن قارمۇ قارشى ئىدولوگىيەگە ئىگە، خىتاينىڭ دۇنياغا كېڭىيىشىدىكى قۇرۇقلۇق دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سالىدىغان بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇپ قېلىش تەھدىدى مەسىلىسىدۇر.

ئەمما بۇ دېگەنلىك ئېتنىكلىقا ياكى ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇرلۇققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلاردا بارا - بارا بارلىق بەختسىزلىكلەرنى خىتاينىڭ زۇلمىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغىنىدىن يەنى ئېتنىك كىملىكىدىن كۆرۈش كۈچەيسە، بۇ ئەلۋەتتە خىتايدىن ئەمەس بەلكى ئۆز ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشنى، ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاخىرىدا خۇددىي ئافغانىستاننىڭ مەلۇم يېزىلىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئەرلەرنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ئەرلەرنىڭ ئايالالرنى ئۇرۇشى ۋە ئايالالر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى توغرا ۋە ھەقلىق دەپ قارىۋالغىنىدەك خىتاي يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇمنى نورمال ھادىسە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىپ قوبۇل قىلىش پىسخىكىسىنى يېتىلدۈرىۋالىدۇ. ئۆزلۈكىدىن زۇلۇمنى قوبۇل قىلىش پىسخىكىسى يېتىلگەندە كىملىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدۇ. زۇلۇمنى ھېس قىلالمايدىغان ھالغا يەتكەن بىر مىللەتنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشى ئۆزىنى ۋە ئۆز كىملىكىنى قوغدىشى مۇمكىن ئەمەس. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك پىلانلىرىنى نىقاپلاش ئۈچۈن، ئېتنىك كىملىكنى ئىرقچىلىقنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتاي خەلقىنىڭ ئىرقچىلىق ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىگە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. خۇددى ناتسىسلار ئىرقچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىدىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىپ قىرغىنچىلىق قىلغانىدەك خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىك مەسىلىسىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ نېگىزى ھېساپلاپ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقۇتۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تۇرۇشتا، خەلقئارا قانۇنلار ئاساسىدا خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختۇتۇش ۋە بۇ رايوندا تىنچلىق بەرپا قىلىشنىڭ

بىردىن بىر يولى، خىتاي ئىدولوگىيەسىگە قارشى ئىدولوگىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىل، كۆپ مىللەتلىك، دېموكراتىك، ئەركىن بىر ئۇلۇس دۆلىتى قۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى داۋاملىق تەكىتلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىدولوگىيەسىنىڭ خەلقئارا دۇنيادىكى ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىشى كېرەك .

هارولد ئىساك (1975) Isaacs ئېيتقاندەك چىراي شەكلىدىكى پەرقمۇ ئېتنىك كىملىكنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك كىملىك بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئېتنىك مىللەتلەر بىر بىردىن تېرىسىنىڭ، چېچىنىڭ رەڭگى، بوي تۇرقى قاتارلىق سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەنمۇ پەرقلىنىدۇ. گەرچە هۆسىن تۇزەش ئارقىلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى چىراي پەرقىي غۇۋۇالاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ پەقەت ۋاقتلىق بولۇپ ئاساسلىق بىئولوگىيەلىك چىراي شەكلىنى يات مىللەتلەر ئۆز — ئارا تويلىشىپ شالغۇتلىشىشتىن باشقا ئۇسۇلدا ئۆزگەرتىش ۋە بۇ كىملىكنى يوقۇتۇش قىيىن. ئۇيغۇرلارنىڭ بىئولوگىيەلىك چىراي كىملىكى شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە خىتاينىڭ مەجبۇرە تويلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلسە، چەتئەللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆزلىرى خالاپ چاڭلىشىش خىرىسغا دۇچ كەلمەكتە .

تۆۋەندە چىراينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ساقلاپ قېلىشىدا قانداق مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىدە توختۇلۇپ ئۆتىمىز. ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي شەكلىدە گەرچە كۆپ خىل ئىرقلارنىڭ چىراي شەكلى تېپىلسىمۇ، لېكىن تىلىمىز، دىنىمىز، ۋە زىمىنىمىزنى قوغداپ قالالمىغان ئەهۋالدا ئۇزاق بىر مەزگىلدە ئومۇمىي ئالاهىدىلىكىمىزنىڭ خىتايدىن پەرقلەنمەي قېلىشى، چىرايىمىزنىڭ پۈتۈنلەي خىتايغا ئوخشاپ كېتىش ئېهتىماللىقى ئوتتۇرىمىزدىكى خىتاي بىلەن بولغان ئەڭ روشەن پەرقنى يوقىتا چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق. چىراي كىملىكى ئەسلىدىكى بىئولوگىيىلىك جەهەتتىكى باشقىلار بىلەن بولۇپمۇ خىتاي بىلەن پەرقلىق بولغان بىر كىملىكىمىز بولۇپلا قالماستىن، كىيىنىش. يۈرۈش — تۇرۇش، چىراي ئىپادىسى قاتارلىقلارمۇ بىزنى خىتايدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان كىملىكلىرىمىزدىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئەڭ روشەن كىملىكنى قوغداپ قالالىشى خىتايلار بىلەن تويلىشىشقا قەتئى قارشى چىقىش بىلەن ئەمەلگە ئېشىپلا قالماي، بەلكى بىزنىڭ خىتايلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، كىيىنىش ۋە ئىش هەرىكەت، قىلىقلىرىنى دورىماسلىق ۋە رەت قىلىشىمىز ئارقىلىقمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش تەهدىدىگە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئېتنىك كىملىكىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ ياكى يوقۇلۇپ كېتىش كەتمەسلىكى خىتاي بىلەن سەپ ئايرىش — ئايرىيالماسلىقىمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن پەرقلىق تۇتۇش ياكى تۇتالماسلىقىمىزغا باغلىق. بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ باشقا ئېتنىك توپلۇمنىڭ كۇلتۇرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ياكى ئاز ئۇچرىشى، ئۆز كۇلتۇرىگە بولغان مۇهەببىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىش ۋە ئۇلارنىڭ ئالاهىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق مۇئامىلىسىدە بولۇشى ۋە ياكى باشقىلارنىڭ كۇلتۇرىگە هەۋەس قىلىپ ئۇلارنى دورىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى

چېگرانىڭ بىرلىشىش ياكى ئايرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارغا بولۇپ، بۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل شۇ مىللەتنىڭ جەمئىيەتتىكى تۇتقان ئورنىغا باغلىق بولىدۇ (Horowitz, 1975. p.114) .

شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار كۈچلۈك ۋە ھۆكۈمران ئورۇندا، ئۇيغۇرلار بولسا ئاجىز ۋە مۇستەملىكە ئاستىدا بولغانلىقتىن، خىتاي بىلەن ئۇيغۇر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنىڭ يوقۇلۇشى ۋە ياكى غۇۋالىشىپ بېرىشىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي مەجبۇرلۇق، شۇنداقلا مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىكى ئاسسىمىلاتسىيەگە مەجبۇرلاش سىياسەتلىرى ئاساسىي سەۋەب بولۇۋاتقان بولماقتا. ھازىر ئۇيغۇر تىلى يوقىتىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر پەرزەنتلەر ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ يەسلىدىن باشلاپلا خىتايچە سۆزلەشكە، ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن ئوخشاش غىزالىنىشقا، ھاراق - شاراپ ئىچىشكە، ئۇلارغا ئوخشاش كىيىنىشكە، ئۇلارنىڭ قىزىل ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا، ھەتتا ئۆلۈم — يېتىم، تـوي - تۆكۈن ۋە باشقا مۇراسىم ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىغا يات بولغان ھالدا خىتايلارغا ئوخشاش ئاق گۈل تاقاپ قەغەز كۆيدۈرۈپ ئۆلۈم ئۇزىتىشقا، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلىشىگە سۈكۈت قىلىشقا، ئېتىلداق ئېتىپ توي قىلىشقا مەجبۇرلانماقتا. ئۇيغۇرلار جازا لاگېرلىرىغا سولىنىپ، قىيىن قىستاق ئارقىلىق مەجبۇرى ئېلىپ بېرىلغان مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتىنىڭ قۇربانى بولۇش بىلەن بىرگە، ياش ئەۋلاتلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق قۇربانىغا ئايلاندى. ئەگەر يېقىن مەزگىل ئىچىدە بۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالىساق ۋە خىتاينىڭ تولۇق كونتروللۇقىدىن قۇتۇلالىساق، گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ كەتكەن، كىملىك پەرقى ئاجىزلاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ كۈلتۈرىنى، ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى ئۆزلىرى خالاپ ۋە ئىستىخىيىلىك بولماستىن بەلكى مەجبۇرلاش، زورلاش كۈچىدىن بولغانلىقتىن، ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋە ئىنتايىن تېز ئەسلىنى تاپالايدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار باشقىلار تەرىپىدىن زومۇ - زومۇ تېڭىلغان، شۇنداقلا ئۆزلىرى نەپرەت بىلەن كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان كىملىكنى چۆرۈپ تاشلاشقا ھەممىدىن بەك ئالدىرىشى مۇمكىن. بەلكىم خىتاي زۇلمى بىر ئىككى ئەۋلات ئۇيغۇر پۈتۈنلەي يوقاپ تۈگىگەن، يېڭى ئەۋلات ئۇيغۇرلار ئۆز ئەسلىدىن خەۋەرسىز قالغان ۋە ئۇيغۇرلۇقنى يوقاتقانغا قەدەر داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئەمما بۈگۈنكى تورلاشقان دۇنيادا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايلاشقان يېڭى بىر ئەۋلات ئۇيغۇرلارنى، ئەجداتلىرى قىرغىن قىلىنغان، مەجبۇرى خىتايلاشتۇرۇلغان بۇ قانلىق تارىختىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟ تارىخ بۇ سوئالغا بەلكىم بىز ئۈچۈن ئۈمىتلىك جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن .

دىمەك، ئېتنىك كىملىك ئەنئەنىۋي يەنى ئىنسانىنىڭ تۇغۇلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان كىملىك بولغىنى بىلەن، ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. شەخسنىڭ تاللىشى ۋە نۇرغۇن تاشقىي ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا بىر شەخسنىڭ ئېتنىك كىملىكى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشى، ۋە ھەتتا مانا مۇشۇنداق بىر مۇنچىلىغان شەخسنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بىر پۈتۈن ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئېتنىكلىغىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. يەنە مەسىلەن، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇر

ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلىقى، ئاتا ئانىسى ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياكى ئۇنىڭ تارىخى يىلتىزى ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ مەڭگۈ ئۇيغۇر بولۇپ ياشىيالىشى ناتايىن. مەسىلە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ تارىخىي يىلتىزىغا قانچىلىك باغلىيالىشىغا باغلىق.

بىز بۇ بۆلۈمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا كىملىك ئۇقۇمىغا ئوخشىمىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىزاھات بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدۇق. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئانتونى سمىت ۋە هارولد ئىساك قاتارلىق ئېتنوسىمبولىستلار يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئوتكۈنىمىزدەك ئېتنىك كىملىكنى ئېتنىكلىققا باغلاپ ئىسىم، چىراي، تېررىتورىيە، ئورتاق تارىخ ، ئورتاق ئەجداد، ئورتاق قىممەت قاراش، ئورتاق سىمۋوللارنىڭ بولۇشى دېگەنگە ئوخشاش ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئىزاھات بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مالەسەۋىك(Malesevic) قاتارلىق تەتقىقاتچىلار "ئېتنىك كىملىكنى ئېتنىكلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇنى مۇقىم شەكلى، ئېنىق چەك -چېگراسى بولغان، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، ئىگىلەپ داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغان نەرسە دەپ قاراش، شەخس ياكى توپلۇمنىڭ ئۆزىنى قانداق بىر كىملىك بىلەن ئىپادە قىلىشىدىكى بىرمۇنچە كۆز قاراش ۋە چۈشەنچىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ" دەپ قارايدۇ (p.20 .2006 ) . ئۇ ئېتنىك كىملىكنىڭ خۇددى ماددىغا ئوخشاش ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان بىر نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بىر ئىدولوگىيە ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ، يىلتىز، ئەسلىمە، ئورتاق ئەجداد، مىت ( ياكى رىۋايەت، ئەپسانە ) قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئەمەلىيەتتە «ئېتنىك كىملىك» ئەمەسلىكىنى، ئېتنىك كىملىكنىڭ مەلۇم بىر توپلۇمنىڭ سىياسىۋلەشكەن جەمئىيەت ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇيۇشىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۇرغۇن سىياسىي لىدېرلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆز تارىخى، يىلتىزى، تىلى ۋە دىنى قاتارلىقلارغا مەھكەم باغلانغانلار ئەمەسلىگىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگەرمەس ئېتنىكلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئېتنىك كىملىكىدە ئىپادە قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتنىك توپلۇمى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقىنى مىسال قىلىدۇ، مالاسېۋىك (2006.p.520) Malesevic شۇنداقلا قانداق ۋە قايسى دەرىجىدىكى ئېتنىك كىملىكنىڭ بولۇشى شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسى، تاللىشى ۋە شارائىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنمۇ ئوتتۇرىغاقويىدۇ.

ئېتنىك كىملىكتە شەخس بىلەن توپلۇمنىڭ مۇناسىۋىتى :

ئېتنىك كىملىك شەخسنىڭ ئېتنىكلىققا مۇراجىئەت قىلىشى ئارقىلىق ئېتنىكلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەزەلدىن بار ئۆلچەملەر ئارقىلىق تىكلىنەمدۇ ياكى ئۇ جەمئىيەت سىياسىي ئۆزگىرىشلىرى تۈپەيلىدىن، شەخسنىڭ كىملىك تاللىشىغا ئېھتىياج تۇيۇشىمۇ؟ قارىغاندا ھەر ئىككىسى بىر بىرىدىن ئايرىلالمىسا كېرەك. يۇقىرىدا بىز ئېتنىك كىملىك ۋە ئېتنىكلىقنىڭ يوقالماس ۋە ئۆزگەرمەس نەرسە بولمىغانلىقتىن ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۇنى قانداق بەرپا قىلىشى، قانچىلىك قوبۇل قىلىشى ياكى ئىپادە قىلىشى، ئۆزگەرتىشى ياكى تاشلىۋېتىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ماددىغا ئوخشا ش مەۋجۇت نەرسە بولماستىن، بەلكى بىر ئىدولوگىيە ئىكەنلىگى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. كۆز ئالدىمىزدا خىتاي ئىشغالىيەتچىللىرىنىڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىشى، خىتايلار بىلەن تويلاشتۇرۇش ئارقىلىق چىرايىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشى ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن بار بولغان ياكى ئۆزلىرى بەرپا قىلغان ئېتنىكلىقنى يوقۇتۇۋەتمەكتە. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەر بىر شەخسىنىڭ ئۆزىنى قەيەرگە، قانچىلىك مەنسۇپ ھېس قىلىشى، بولۇپمۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ كىملىك ئۆلچەملىرىنىڭ ھەر بىر شەخستە قانچىلىك ئۆزلىششى ياكى قانچىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىشىگە باغلىق ( ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارغا بۇلارنى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەھۋالدا). ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىقنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئېتنىك كىملىك ئەمەلىيەتتە شەخسنىڭ كىملىكنى ئۇنىڭ ئۆز توپلۇمىغا قانچىلىك باغلىيالىشىغا باغلىق بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن شەخسىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ توپلۇمنىڭ ئېتنىكلىقى بىلەن بولغان چوڭقۇر مۇناسىۋىتىنى تونۇپ يېتىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ھەر بىر شەخسىنىڭ كىملىكى ئۇ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇم ئېتنىكلىقنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ تەرەپلىرىنى ( بىز يۇقىرىدا ئىسايىۋنىڭ(Isajiw ) ماقالىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئېتنىكلىقنىڭ قانداشلىق ، تارىخى يىلتىز ، ئورتاق تېررىتورىيە ، مەدەنىيەت قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللىرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان تاللىشى ۋە قىممەت قارىشى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئېتنىكلىقنى كۆرسىتىشىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن ئىدۇق ) پۈتۈنلەي ياكى مەلۇم دەرىجىدە قوبۇل قىلىشى، ئۆزگەرتىشى ياكى ۋاز كېچىشى قاتارلىقلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ دەپ قارالسا، ئۇنداقتا ئۇيغۇرلاردا ھازىر قانچە تۈرلۈك كىملىك بار ؟ ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئېتنىك كىملىك قايسىلار ؟ قايسى كىملىك ئۇيغۇرلاردا ئۈچۈن ئەڭ ئۇستۈن ئورۇن تۇتىدۇ ؟ ئۇيغۇرلار قانداق بىر كىملىكنى بەرپا قىلىشى كېرەك ؟ مانا بۇلار ھەربىر ئۇيغۇر ئويلىششقا تېگىشلىك مەسىلە. ئىسايىۋ شەخسىي كىملىكنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئامىللاردىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغاقويىدۇ. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان كىملىك ئۆلچەملىرىگە تولۇق دېگۈدەك چۈشىدىغان ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكنى ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆزىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ۋە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدولوگىيەدە بىرلىككە كېلىش، ئويلىششقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلىلەرنىڭ بىرسىدۇر. ئىسايىۋ ئېتنىك كىملىكنى شەخسىنىڭ ئېتنىك گورۇپ ئۇقۇمىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنى ئۆزىدە ئىپادە قىلىش ياكى ئېتنىكلىققا مۇراجىئەت قىلىشى دەپ قارايدۇ (Isajiw, 1974. pp.111-124).

ئۇنىڭ ئېتنىك گورۇپنى شەكىللەندۇرىدىغان ئېتنىك ئامىللارنىڭ ئەسلى مەۋجۇتلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى بىز يۇقۇرىدا دەپ ئۆتكەن ئانتونى سمىت(Anthony Smith ) قاتارلىق پرىموردىئالىستلارنىڭ قارىشىنى قوللايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئېتنىك كىملىكنى شەخسىنىڭ تاللىشى بىلەن باغلىشى مالەسەۋىكنىڭ ئىنسانلار ۋە ئىجتىمائىيى ئۆزگىرىشنىڭ كىملىك يارىتىشتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىملىكنى ئىدولوگىيە دەيدىغان قارىشىغا يېقىنلىشىدۇ. ئەمما بىر شەخسىنىڭ ئېتنىك كىملىكى ۋە ياكى قايسى ئېتنىكقا مەنسۇپلىقىنى ئۇنىڭ شەخسىي قىزىقىشى بىلەنلا ئىپادىلىيەلىشى ناتايىن. بىر ئۇيغۇر پەقەت ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىدىكى ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىغىلا قىزىقىپ ۋە ئۇنى ئۆز كىملىكىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن بىلەن باشقا ئۇيغۇر كىملىكلىرىنى، مەسىلەن دىنىنى، تىلىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرەلمىسە ۋە ياكى ئاتا بوۋام

ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزەمنى ئۇيغۇر دەپ ئاتايمەن دەپ بۇ ئىسىمنىلا قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە ئۇيغۇرلۇق سۆيگۈسى بولمىسا، ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويالمىسا، ئەجدادلىرىنىڭ قېنى تۆكۈلگەن ۋە ئۇلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن زېمىنغا بولغان ئىگىدارچىلىق تۇيغۇسىنى ئۆزىدە تاپالمىسا، ئىش ھەرىكىتىدە ئۇيغۇرلۇقنى گەۋدىلەندۈرەلمىسە ئۇنىڭدا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ناتايىن. دېمەكچى بولغىنىمىز ئېتنىك كىملىك شەخسنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەنلا تاللاپ دەۋالىدىغان ئاددىي بىر ئىپادىلەش بولماستىن بەلكى شەخسنىڭ ئالدى بىلەن ئاشۇ ئېتنىك توپلۇمغا مەنسۇپ ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر بەلگە. ئەمما ئۇ شەخسنىڭ ئاشۇ ئېتنىك توپلۇمغا مەنسۇپ ياكى ئەمەسلىكىدە شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ بۇنى ئېتىراپ قىلىش ياكى قىلماسلىقى ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتىدىغانلىقتىن، گەرچە مەنسۇپلۇق ئۆزگەرمەس نەرسە بولسىمۇ شەخسنىڭ تاللىشى ئۇنى ئىدولوگىيەگە ئايلاندۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا ئېتنىك تەۋەلىكنى ئىسپاتلايدىغان ئامىللار بولۇشى يەنى پرومورد‍ېئالىستلار ئېيتقاندەك ئۇ تەۋە بولغان توپلۇم بىلەن قانداشلىق، چىراي، تېررىتورىيە باغلىنىشى دېگەندەك ئامىللارغا ئىگە بولۇشى ۋە بۇنى شەخس ئۆزى قوبۇل قىلىشى كېرەك. چۈنكى بىر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشى، ئۇيغۇر قانداشلىقى بولۇشى، چىرايى ئۇيغۇر بولۇشى قاتارلىق ئېتنىكلىقنىڭ ئۆلچەملىك ئامىللىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېتنىك توپلۇمغا ياكى مىللىتىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ پۈتۈنلەي باشقا دىن، باشقا تىل ۋە باشقا مەدەنىيەت(كۇلتۇر) كە كۆچۈپ كەتكىنىدە ئېتنىك كىملىك جەھەتتىن باشقا بىر مىللەتنىڭ كىملىكىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەسلى مەنسۇپلىقىمۇ ئۇنىڭ بۇ مەنسۇپلۇقنى ئېتىراپ قىلماسلىقى بىلەن ئۆزگەرمەسلىك رولىنى ۋە ئەسلى كىملىكىنى يوقۇتۇدۇ. ھەتتا مەلۇم بىر مىللەتكە ئەزەلدىن تەۋە بولمىغان ۋە بۇ مىللەتنىڭ ئېتنىكلىق ئۆلچەملىرى زادىلا تېپىلمايدىغان، باشقا بىر مىللەت ياكى ئېتنىك گۇرۇپقا مەنسۇپ بىر شەخس ئۆزى خالىغان ئېتنىك كىملىكنى تاللاش ئارقىلىق ئاشۇ ئېتنىك توپلۇمنىڭ كىملىكىنى ئۆز كىملىكى قىلالىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقىي مەنسۇپلىقىنى ياكى ئېتنىكلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشى مۇمكىن بولمىغان ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمىگەن ئەھۋالدا ئەسلىدىكى ئېتنىك ئامىللار ئۇنىڭ يېڭى كىملىكىگە تەسىر كۆرسىتىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى ئۇنىڭ ئېتنىك يىلتىزىغا بولغان باغلىنىشى « مەن» ۋە « ئۇ» پەرقىي ئارقىلىق ئېتنىكلىقىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلايدۇ. ئېتنىك مەۋجۇتلۇق بولسا، ئۇنىڭ يېڭى كىملىكى «مەن» ئەسلىدىكى قېنىمغا تەۋە «مەن» ئەمەس، بەلكى مەن « ئۇ» يەنى باشقا بىرى دېيەلىگەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېڭى كىملىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئۇيغۇرچە كۈلۈپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتىپ، ئۇيغۇرچە تاماق يەپ، ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان، ھەتتا مۇسۇلمان بولغان بىر خىتاي، ئۆز قانداشلىقىنى، چىراي ۋە تېررىتورىيە تەۋەلىكىنى، ئۆز ئېتنىكلىغىنى خىتاي دېگەن تەقدىردە، ئۆرپ — ئادەتلىرى، تىلى ۋە دىنىدا خىتاي كىملىكىنى ئىپادە قىلالمىغان ھالەتتىمۇ، خىتايلىقىدىن ۋاز كەچمىگەن ئەھۋالدا، بۇ مەنسۇپلۇق ئۇنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تاللىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن تويلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بالىلار پۈتۈنلەي خىتاي كىملىكىنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، قانداشلىق ۋە يىلتىز مەنسۇپلىقىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە باغلىشى ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر كىملىكىنى تاللاپ ئىپادە قىلىش قىلماسلىقىغا تەسىر

كۆرستىدۇ. ئەگەر خىتايدىن تۇغۇلغان بالا خىتاي مىللىتىگە بولغان مەنسۇپلىقى ۋە قانداشلىقىنى ئىنكار قىلغان، ۋاز كەچكەن ئۇيغۇر كىملىكىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ كىملىكى ئۇيغۇر بولىدۇ ئەلۋەتتە. كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، ئېتنىك كىملىك ئۇنى ئىنسانلارنىڭ قايىسى دەرىجىدە، قانداق تاللىشىغا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئېتنىكلىقنىڭ ئۆلچەملىك ۋە ئۆزگەرمەس ئامىللىرىغىمۇ باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىك مەسلىسىدە پرىموردىئالىستلار نەزەرىيەسىدىكى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان، بىزگە تەۋە قانداشلىقىمىز ۋە ئىرقىمىزغا مەھكەم ئېسىلىش بىلەن بىرگە، مودېرنىستلار نەزەرىيەسىدىكى ئىنسانىنىڭ كىملىك يارىتىش رولىغىمۇ ئېسىلىشىمىز، بولۇپمۇ كىملىكنى بىر ئىدولوگىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقىدا تۇغۇلۇش ۋە ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت جىسمانىي باغلىنىشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئېتنىك كىملىكنى ئۆزىمىزدە ئېلىپ يۈرۈش دەرىجىمىزنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ئېتنىك مەۋجۇتلۇقىمىزغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېتنىك مەۋجۇتلۇق بولسا دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق ئۇلۇس كىملىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىمىزنىڭ ئاساسى. چۈنكى دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بۇ ئىدولوگىيەنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى بولغان ئۇيغۇر توپلۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ كىملىك ئىدولوگىيەسى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ .

تۆۋەندە، ئىسايىۋنىڭ (Isajiw) ئېتنىك كىملىك بىلەن شەخس مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى شەرھىيسىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكنى قانداق ساقلىشى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇنى قايىسى دەرىجىدە، قانداق شەكىلدە ئىپادە قىلىشى توغرىسىدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز:

ئىسايىۋنىڭ (Isajiw) قارىشىچە كىملىك بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى، ئەجدادلىرى، مەدىنىيىتى، ئېتنىك مىراسلىرىنى قانچىلىك بىلىشى ۋە بۇ بىلىملەرنى، تىلىنى، دىنىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىكلىكىگە باغلىق. بۇ مەجبۇرىيەتنى ھىس قىلىشقا، ئۇنىڭ ئۆزى مەنسۇپ شۇ توپلۇم ئىچىگە كىرىپ ياشىيالاش پۇرستى ۋە بۇ توپلۇم ئىچىدە تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ھىس قىلالىشى، شۇ توپلۇمنىڭ ئىكىز مەدىنىيىتى ۋە كۇلتۇرىنى سۆيۈش سويىمەسلىكى قاتارلىق ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئامىللار بولسا، شەخسنىڭ داۋاملىق ئۆز توپلۇمى بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىشىغا ۋە باشقا توپلۇملارنىڭ كۇلتۇرىگە ئائىت نەرسىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۇرمەي پەرقلەندۈرەلىشى باغلىق.(Isajiw,1974) ئۇ كىملىك مەسلىسىدە شەخس بىلەن توپلۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى توغرا شەكىلدە كۆرسەتكەن .

ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئېتنىك كىملىك شەكلى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىدە زادى قايىسى خىلدىكى كىملىكنى يېتىلدۈرىۋاتقانلىقى ۋە ئۇيغۇر كىملىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ئۇنى قايىسى دەرىجىدە يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشتىكى شەخسىي رولىمىزنى تونۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە:

## 1. ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېتنىك كىملىكنى ئىپادە قىلىش.

شەخسنىڭ ئۆز توپلۇمىغا بولغان باغلىنىش مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىدە شۇ توپلۇمنىڭ كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش شۇنداقلا ئۇنى ئۆز ئەمىلىيىتىدە كۆرسىتىشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىش بولۇپ، بۇ ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنىڭ ئىپادىسى ئۇنىڭ كىملىگىنى ئىپادە قىلىشى بىلەن كۆرۈلىدۇ.

ئۆز كىملىكىنى قوغداشنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەپ قاراش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ قانداق ئەھۋالدا بىر شەخس بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن؟ مەنچە بۇ يەنىلا شۇ شەخسنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز كىملىكىنى نەدىن ئىزدىشى ۋە قانداق ئىپادە قىلىشىدىكى قىممەت قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن ئۆز كىملىكىنى ئۇيغۇر دەپ ئېتىراپ قىلغۇچى ئۇيغۇرلۇق كىملىكىنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان دىن ۋە كۈلتۈر كىملىكلىرىنىڭ تەسىرىدە ياتلار بىلەن تويلىشىشقا قارشى چىقىشنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ئۆز تىلى دىنى، كۈلتۈرى ۋە تارىخىنى ئۆگىتىشنى، ئۆرپ- ئادىتىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا داۋاملاشتۇرۇشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىملىكنى ساقلاشنىڭ شەخسكە بېرىدىغان پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە مۇھىم شەرتلىرى دەپ قارايدۇ ۋە بۇنىڭدىن غۇرۇرىنى تاپىدۇ. نەتىجىدە، ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاشتا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق داۋاملىق ئادا قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ شەخس ئۆز توپلۇمى ئىچىدە ياشىيالمىغان، ئۆز توپلۇمى بىلەن ئارىلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ياكى سەل قارىغان، ئۆز توپلۇمىنىڭ ئوپچە پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئۆز كىملىكگە بولغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىمۇ تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆز كىملىكىنى تۇرغۇزۇش ۋە قوغداشنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەپ قاراش شەخسنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمغا باغلىنىپ ئۆتىشىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئۆزىگە مەنسۇپ نەرسىلەرنى قەدىرلەش - قەدىلىمەسلىكى، ئۆز قىممىتىنى ئىزدەش - ئىزدىمەسلىكى ۋە سۆيۈش - سۆيمەسلىكىدىن ئىبارەت شەخسىي قىممەت قارىشى ۋە تەبىئىي يېتىلگەن سۆيگۈ ۋە ۋىجدانىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆز كىملىكى ھەققىدىكى مەيدانى ئېنىق، ئۆزى ياشىغان، باغلانغان زېمىن ۋە توپلۇمغا بولغان سۆيگۈسى ۋە سېغىنىشى كۈچلۈك كىشىلەر داۋاملىق ئۆزىنى توپلۇمغا باغلاش ئارقىلىق توپلۇمنىڭ كىملىكىنى ئۆز ئەمىلىيىتىدە ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى قەدىرلىمەسلىك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدىن كېلىدىغان بولۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان كىشىلەرلا كۈچكە ئېرىشەلەيدۇ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىغانلارنىڭلا ئۆزى مەسئۇل بولغان نەرسە ئۈستىدە ھەققانى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقتىن ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىغا ، ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە شۈكۈر قىلىش ( مىننەتدار بولۇش، ئەڭ ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغانلىرىنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەشنى كۆرسىتىدۇ.) بۇ سۆيۈش ۋە قەدىرلەش بولسا پەقەت مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئەر - خوتۇن بىر — بىرىگە ۋە ئائىلىسىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇش، بىر بىرىنى قوغداش، بالىلىرىغا مەسئۇلىيەتچان بولۇش، بالىلىرىنى قوغداش، ياخشى تەربىيلەش، ياخشى بېقىش ۋە

ھۆددىسىدىن چىقىش، ۋە بۇ ئائىلە ئۆز مىللىتىگە، ۋەتىنىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇش ۋە ئۇنى قوغداش دېگەندەك. مەسئۇلىيەتچانلىق مەسىلىسى بىزنىڭ ئائىلەنىڭ بىزگە بەرگەنلىرى ۋە ئېرىشكەنلىرىمىزنى قاچان، قانداق، قەيەردە ۋە نىمىگە ئىشلىتىشىمىزگە باغلىق بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇستەقىل ئامېرىكا دۆلىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى بولغان جون ئادامىس « دۇنيادا ئىككى خىل مائارىپ بار، ئۇنىڭ بىرى ياشاش ئۈچۈن نىمە قىلىشنى ئۆگىنىش، يەنە بىرى قانداق ياشاش ياكى ئۆگەنگەننى قەيەرگە ئىشلىتىپ ياشاش» دەيدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى جون ئادامىس ئېيتقاندەك ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەرنىڭ ھەممىسنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە بۇ بىلىملەرنى كىمگە، نىمىگە، قەيەرگە ئىشلىتىشتە خۇددى يەھۇدىلارغا ئوخشاش ناھايىتى ئېنىق ۋە بىرلىككە كەلگەن نىشانىمىز بولغىنىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى جايىدا ئادا قىلغان بولاتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە ئىسرائىلىيەنىڭ سىرتىدىكى يەھۇدى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەقەت ئىككىلا كەسىپكە كىرەلەيدىغانلىقى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. بۇ ئىككى كەسىپنىڭ بىرى ھەربىي مەكتەپ بولۇپ، ئىسرائىلىيەگە بېرىپ ئەسكەر ياكى ھەربىي قوماندان ، ھەربىي ئىستراتېگىيەچى بولۇش، يەنە بىر ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەتتە قانۇن كەسپىدە ئوقۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ دۆلەتلەرنى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ تەرىپىنى تۇتۇدىغان قىلىش.

## 2 . ئەقلىي جەھەتتىن ئېتنىك كىملىكنى ئىپادە قىلىش

شەخسىنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى بايلىقلىقى ۋە مىراسلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆز قەدىر قىممىتىنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ قەدىر قىممىتى ئىكەنلىگىنى چوڭقۇر تونۇش ۋە ئۆزى مەنسۇپ ئېتنىك توپلۇمنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى ۋە كەلگۈسىنى كۈچلۈك قوللاش ۋە بۇ جەھەتتە بىلىمى بولۇش ۋە ئۇنى بالىلىرىغا يەتكۈزۈشنى كۆزدە تۇتىدۇ. خۇددى ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، بۇ تىپىدىكى كىشىلەردىمۇ ئوخشاشلا ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇم ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ئۇنىڭ كىملىكىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈكلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ .

## 3. تەسىرچانلىق

بۇ شەخسنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمنىڭ قايسى جەھەتتىكى قانداق تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. توپلۇمدىن ئىجابىي تەسىر ئالغان بىر شەخسنىڭ ئۆز توپلۇمدىن پەخىرلىنىشى ۋە ئۆزلۈك سۆيگۈسى كۈچلۈك بولۇپ، شەخسىي كىملىكىدە ئۆز ئېتنىكلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىشى مۇمكىن. ئۆز توپلۇمدىن سەلبىي تەسىر ئالغان شەخس ئۆز توپلۇمدىن نومۇس قىلىشى ياكى نەپرەتلىنىشى، ئۆز توپلۇمنىڭ

تارىخنى، ئۆتمۈشنى بىلىشكە قىزىقماسلىقى، ھەتتا ئۆز كىملىكىدىن ۋاز كېچىشى ۋە باشقا كىملىك ئىزدەپ يوقۇلۇپ كېتىش باسقۇچىدا يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئىساجىۋ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەخسلەرنىڭ ئېتنىك كىملىكى ئوخشاش بولمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا شۇ شەخسنىڭ ئۆزىدە قانداق كىملىك تىكلەش ئىدىيىسىگە بېقىنىدۇ. شۇڭداقلا بۇ ئۈچ خىل ئەھۋالمۇ بىر — بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مۇكەممەل كىملىك تىكلىشى بۇ ئۈچ سىل ئەھۋالنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرۈش بىلەن مۇكەممەللىشىدۇ. گەرچە ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر چەكلىمىلىرى نەتىجىسىدە كىملىكنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئەقلىي جەھەتتىن ئۇيغۇرلۇق ھەققىدە بىلىمگە ئىگە بولۇش، ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىر قىممىتىنى تونۇش، تارىخى مىراس ۋە بايلىقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ھەمدە بۇنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ خىل ئەقلىي ئېتنىك كىملىكنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز كىملىكنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ. تەسىرچانلىقتا كەلسەك، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر تاراتقۇلىرى، ئۇيغۇر سەرخىللىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى ئۇيغۇر ئېتنىكلىقىنىڭ تەسىرىنى ھەر بىر ئۇيغۇرغا سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئۆز تەسىر دائىرىسىدە تۇتۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەقلىي كىملىكنى يېتىلدۈرىشىگە تۈرتكە بولۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئەخلاقىي كىملىكنى جانلاندۇرىشى كېرەك. تەسىرچانلىقنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھازىر كانادادا كۆچمەن بولۇپ ياشاۋاتقان 6 بالىسى بار بىر ئۇيغۇر ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ باللىرىدىكى كۈچلۈك ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكنى كۆرگىنىمدە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر كىملىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىدە نىملەرنى قىلىدىغانلىقىنى سورىغان ئىدىم. ئۇ ماڭا « مەن مۇنداق ئىككى ئىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم، ئەڭ ئاۋال دىنىمنى ساقلاشقا كۈچىدىم، چۈنكى بۇ پەرھىز ئىدى. دۇنيانىڭ قەيىرىدە ياشىماي داۋاملىق مەسجىدكە ۋە مەكتەپكە يېقىن يەردە ئولتۇراقلاشتىم، باللىرىمنى نامازدىن، مەسجىدتىن، مەكتەپتىن ئايرىمىدىم، ئىشىنىمەنكى مەكتەپ بىلەن مەسجىددىن ئايرىلمىغان بالا ياخشى تەربىيلىنىپ كۈچلۈك چوڭ بولىدۇ. ئىككىنچى ئىشىم ، ئاتا ئانامنىڭ ئۆيى قەشقەر ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا ئىدى، مەن كىچىكمىدىن ھېيتگاھدا ساما ئويناپ چوڭ بولغان. كاناداغا كەلگەندىن كېيىن سېغىنىشلىرىمنى ساما ئارقىلىق بېسىشقا مەجبۇر بولدۇم. ھېيتگاھنىڭ كىچىك مودېلىنى ياساپ مېھمانخانا ئۆيۈمنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇپ، 6 بالام بىلەن بىللە ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ مودىلىنى چۆرگىلەپ ھەر كۈنى بىر قەتىم ساما ئوينايمىز، ساما ئوينىمىغان كۈنىمىز يوق»دەپ جاۋاپ بەردى.

ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان بىر ئۇيغۇرغا ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا ئوينالغان سامانىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ئۇنىڭ ساما ئارقىلىق ئۆز كىملىكنى باللىرىغا يەتكۈزۈشىگە تۈرتكە بولغان ۋە باللىرىدا ساما ئارقىلىق ئۇيغۇرلۇق سۆيگۈسىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ سۆيگۈ ئۇلارنى ئۇيغۇرنىڭ تارىخى ۋە كىملىكى ھەققىدە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە، ئانا تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرغان ۋە بۇنىڭلىق بىلەن ئەقلىي كىملىكنى يېتىلدۈرۈشكە

باشلىغان. ئەقلىي كىملىك نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بالىلىرى « مەن مەن ئۇيغۇر، ئۇيغۇرچە ساما ئوينايمەن، ئۇيغۇرچە سۆزلەيمەن. مەن ئۇيغۇر، ئاللا ھقا ئىشىنىمەن. مەن ئۇيغۇر ،باشقا مىللەتكە ئوخشاپ قېلىش، ئۇيغۇرغا ئوخشىيالماسلىق نومۇس» دەيدىغان ئەخلاقىي كىملىك مەجبۇرىيىتىنى يېتىلدۈرگەن. لېكىن كانادالىق شۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆز كىملىكىنى ئىزدىشى ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە كۈلتۈرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ئۆز ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سېغىنىشى ۋە مۇھەببىتى ئارقىلىق ئەقلىي كىملىككە تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت قىلىپ يېتىلدۈرۈشنى بىلگەن. ئەگەر ئۇيغۇرلار شۇ كانادالىق ئۇيغۇرغا ئوخشاش باغلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى بىلمىگەن، پەقەت ئىسايىۋ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ خىل ھالەتنىڭ خالىغان قىسمىنى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچىلا قوبۇل قىلىدىغان بولسا بەلكى ئۇنىڭ كىملىكى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆزىنى لەغمەن بىلەن تونۇتقان ئۇيغۇرلاردەك لەغمەن يەيدىغان ئۇيغۇر دەپلا ئىپادە قىلىنىشى ۋە ياكى دوپپا كىيىش بىلەنلا ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ھىساپلايدىغان، ئەمما كۈلتۈر ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى بىلمەيدىغان، ئۆز دۆلىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراش تارىخى، قەھرىمانلىرى ھەققىدە بىلمى بولمىغان ۋە ئاتا بوۋىلىرى قېنىنى، جېنىنى بېرىپ ياشىغان زېمىنغا، ئېتىقادىنى،مەدىنىيىتىنى ياراتقان زېمىنغا بولغان پىداكارلىقى بولمىغان، كوك بايراقنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشالمايدىغان، دۆلەتچىلىك ئېڭىنى ئۇلۇس كىملىكى بىلەن بىرلەشتۇرەلمىگەن، ئۇيغۇرلۇقنى ئەۋلاتلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلمىغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلاردەك ئۇيغۇر دىمەك دوپپا دىمەك ياكى لەغمەن دىمەك كىملىكنى ياراتقان بولىدۇ .

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ساقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە، كىملىك تەسرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئەقلىي جەھەتتىن ئۆز تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىشى يەنى ئەقلىي كىملىككە ئەھمىيەت بېرىشى، بۇنى دەسلەپتە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتكە، شۇنداقلا ئاخىرقىي ھىساپتا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن ئۇيۇشۇشتا خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرىشى كېرەك. مانا بۇ كىملىك ئىدولوگىيەسى خۇددىي غەرپلىكلەرنىڭ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە قىممەت قارىشىدەك ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كىملىك قىممەت قارىشى بولۇپ تىكلەنگىنىدە ئۇيغۇر كىملىكى ئۇلۇسچىلىق نىشانىنى تىكلىيەلەيدۇ .

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

Botobekove, U. (2017). China and Turkiestan Islamic Party: From Separatism to World Jihad. *Modern Diplomacy*. [online] Available at:

http://moderndiplomacy.eu/index.php?option=com_k2&view=item&id=3400:china-and-the-turkestan-islamic-party-from-separatism-to-world-jihad [Accessed 21 Jul. 2018].

Gunaratna, R., Acharya, A. and Wang, P. (2010). *Ethnic identity and national conflict in China*. New York: Palgrave Macmillan, p.10.

Horowitz, D. (1975). Ethnic Identity. In: N. Glazer and D. Moynihan, ed., *Theory and Experience,*. Massachusetts: Harvard University Press.

Isaacs, H. (1975). Basic Group Identity: The Idols of the Tribe. In: N. Glazer and D. Moynihan, ed., *Ethnicity: Theory and Experience*. Massachusetts: Harvard University Press.

Isajiw, W. (1974). Definitions of Ethnicity. *Ethnicity*, Vol 1(No 3), pp.111-124.

Isajiw, W. (1993). *Defination and Dimentions of Ethnicity: a Theoretical Framework*. [online] Tspace.library.utoronto.ca. Available at: https://tspace.library.utoronto.ca/bitstream/1807/68/2/Def_DimofEthnicity.pdf [Accessed 25 Jul. 2019].

Malesevic, S. (2006). *Identity as ideology*. Basingstoke: Palgrave Macmillan.

Smith, A. (1991). *National identity*. London: Penguin Books.

# ئېتنىك، ئۇلۇس، كىملىك ۋە ئۇلۇسچىلىق

## 3-بۆلۈم:

### ئۇلۇس كىملىكى

ئېتنىك ممللەت ۋە ئۇلۇس توغرىسىدىكى ئۇقۇملاردىكى سىياسىي، ئانتروپولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ بېرىلگەن تەبىرلەر مودېرنىستلار، پەرەننىئالىستلار، پرىموردىئالىستلار ۋە ئېتنوسىمبولىستلار ئوتتۇرىسىدا تالاش تارتىش قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مودېرنىستلار سىياسىي نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ ئۇلۇس بىلەن ئېتنىك ئوخشىمايدۇ، ئېتنىك پەقەت دۆلەتكە تەۋە بولغاندىلا مىللەت ياكى ئۇلۇس بولۇپ شېكىللىنىدۇ، مانا بۇ دۆلەتكە تەۋە مىللەت بىلەن ئۇلۇس ئىككىسى بىر ئۇقۇم، ئۇ دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ؛ تارىخىي نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ ئۇنى سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى زامانىۋىيلىششىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ دۆلەت كىملىكى سۈپىتىدە پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. پرىموردىئالىستلار ئانتروپولوگىيە ۋە قانداشلىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ مىللەت ياكى ئۇلۇس ئېتنىكتىن كەلگەن، ئېتنىك بولسا قانداشلىق بىلەن بىر بىرىگە باغلانغان توپلۇمدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. (Smith and Smith, 1998)

بۇ ئىككى ئېقىمدىكى ئاساسلىق تالاش تارتىشلار يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئوتكىنىمىزدەك ئۇلۇس بىلەن ئېتنىك ئوخشاش ئۇقۇممۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇس( nation) ئۇقۇمى ئەزەلدىن بارمىتى ياكى يېڭى زامانىۋى دەۋرنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ دېگەندەك ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇپ، ئەگەر ئۇلۇسنى ئەزەلدىن بار بولغان ئېتنىك بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم ئىدى دەپ قاراشقا توغرا كەلسە ئۇنداقتا ئۇلۇس كىملىكى بىلەن ئېتنىك كىملىكىنىڭ ھېچبىر پەرقى بولمىغان بولىدۇ. پەقەت بىرلا ئېتنىك كىملىك بىلەن دۆلەت قۇرغان ئىسرائىلىيە، ياپونىيە، ختايدەك دۆلەتلەرنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ دۆلەتكە تەۋە بولغان ئېتنىك كىملىك بىلەن ئۇلۇس كىملىكىنىڭ كۆپ پەرقى بولمايدىغانلىقى ئېنىق، ئەمما كۆپ خىل ئېتنىك توپلۇملاردىن تەركىپ تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئۇلۇس كىملىكىنى ئېتنىك مىللەت كىملىكى كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈۋېتىش بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن ، تۈركىيە بۇنىڭ بىر مىسالى بولۇپ، كۆپلىگەن ئېتنىك توپلۇم تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر دۆلەت پەقەت تۈركتىن ئىبارەت بىرلا ئېتنىك مىللەتنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغىنى ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئىگىدارچىلىقى ھەققىدە ئېتنىك توپلۇملار ئوتتۇرىسىدا تالاش تارتىشلار مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈستىگە پرىموردىئالىستلارنىڭ ئېيتقىنىدەك ئېتنىكلىق قانداشلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇشى ئومۇملاشتۇرۇۋېتىلگەن كۆز قاراش بولغىنىدا، ھەر خىل قان ۋە ھەر خىل بىئولوگىيەلىك ئىرقتا ئىگە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئېتنىكلەرنىڭ تىل، كۇلتۇر، دىن ۋە باشقا جەھەتلەردە ئورتاق كىملىك شەكىللەندۈرۈپ بىر ئېتنىكنى پەيدا قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا كۆپ خىل ئېتنىك توپلۇلارنىڭ ئوخشاش بىر تېررىتورىيەگە باغلىنىپ ئۇلۇسچىلىق ئاساسىدا دۆلەت قۇرغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

يۇقـۇرقى ئىككـى ئېقمـدىن باشـقا يەنە مىللەتشۇناسـلىق ساھەسـىدە پەرەنىنىئالسـتلار ۋە ئېتنوسىموۋولىسـتلار ئېقمـى مەيـدانغا كەلـگەن بولـۇپ، پەرەنىنىئالسـتلار بـۇ مەسـىلىدە پرىموردىئالسـتلارنى تەسـتىقلايدۇ ۋە ئۇلـۇس ئەزەلدىن بار بولغان، ئۇ پەقەت قانداشلىقنى ئاساس قىلغان بۇ ئېتنىكنىڭ داۋاملىشىپ ئۇلۇسقا كۆچۈشىدىن ئىبـارەت دەپ قارايـدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇلۇسـچىلىق نەزەرىيەسـىدە مودېرنىسـتلار تىلغا ئالغـان سانائەتلىشـش ۋە زامانىۋىلىشـنى ھەر قايسـى ئېتنىـك توپلۇملارنـىڭ ئۆزىـگە تەۋە بولغـان تېررىتـورىيەدە دۆلەت قۇرۇشـغا تـۈرتكە بولغان دەپ قارايدۇ(Smith, 1998. p.159). ئېتنوسىمبولىسـتلار مودېرنىستلارنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدىكى نەزەرىيەسىنى تەستىقلاش بىلەن بىرگە، ئېتنىكلىقنىڭ رولىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئېتنىك (ئۇيغۇرلار ئېتنىكنى مىلـلەت دەپ ئاتـاپ كەلـدى) بـىلەن ئۇلۇسـنىڭ باشـقا - باشـقا نەرسـە ئەمەسـلىكىدە پرىموردىئالسـت ۋە پەرەنىنىئالسـتلارغا يېقىنلىشـىدۇ. ئەمما پرىموردىئالستلاردەك «ئېتنىكلىق قانداشلىق ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ» دېيىش ئارقىلىـق، جەمەت ئىـرق ۋە قانداشـلىققا ئەھمـيەت بېرىشـنى ئەمەس، بەلكـى ئەپسـانە - رىـۋايەتلەر، ئورتـاق تېررىتـورىيە، سـىمۋوللۇق بەلگـىلەر( ئەبلەملىـرى، مـۇقەددەس ئىسـىملار مۇقەددەس يەر نـاملىرى، بەلـگە ۋە رەسىم قاتارلىق ئېتنىك توپلۇمنىڭ بىرلىكنى ھاسىل قىلىدىغان سىمۋوللۇق بەلگىلەر)، مەدەنىيەت، تارىخي كەچـۈرمىش ، ئورتـاق قىمـمەت قارىشـى قاتارلىقلارنـىڭ ئېتنىكلىقنـى پەيـدا قىلىـدىغانلىقنى تەكىتلەيـدۇ ۋە شـۇنداقلا مىللەتچىلىكنىـڭ سىياسىۋىلىكىدە(ئۇلۇسلىششـىدا) تارىخقـا، يىلتىزىغـا، ئېتنىـك كىملىكـكە، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت كۇلتۇر مىللەتچىلىكنىڭ تەسىرىنىڭمۇ چوڭلۇقىنى ئوتتۇرىغاقويىدۇ. (Smith, 1998. p.191)

توماس ئېركسېن (Eriksen (2010. Pp.96-116 قاتارلىق مودېرنىستلار ئېتنىكلىقنىڭ ئەزەلدىن بار بولۇشىنىڭ ھەممە توپلۇمغا چۈشىدىغان قاراش ئەمەسلىكنى تەكىتلەپ، ئېتنىك كىملىكى بىلەن ئۇلۇس كىملىكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان تەبىئىي نەرسە بولماستىن، بەلكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكنى ، ئېتنىك كىملىك دۆلەت بولمىغان جاماەت دەرىجىسىدىكى بىر توپلۇمدا ئۆز ئەكسىنى تاپسا، ئۇلـۇس كىملىكنىـڭ دۆلەت دەرىجىسـىدىكى تۈزۈلمىـدە ئۆز ئەكسـىنى تاپىـدىغانلىقنى ئوتتۇرىغاقويىدۇ. ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن توپلۇملارنىڭ ئېتنىكلىقى زامانىۋىلاشقان كاپىتالىستىك سېستىمىنىڭ مەيـدانغا كېلىشـى بـىلەن مەيـدانغا كەلـگەن يېڭـى بـىر كىملىـك بولـۇپ، ئۇنـدىن بـۇرۇن ئېتنىكلىقنىـڭ پەقەت قانداشلىق جەمەت شەكلىدىلا مەۋجۇت بولغان، ھەققىي ئېتنىك شەكلىنى ئالالمىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكنى ئوتتۇرىغا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە ئافرىقىدىكى ھەتتا قەبىلە شەكلىكىمۇ كىرمىگەن جەمەتلىشىپ ياشىغان ئۇرغـۇن گۇرۇپپىلارنـىڭ مۇستەملىكە دەۋرىـدە زاۋۇتـلاردا توپلىشـىپ ئىشـلەش جەريانـدا بـىر بـىرگە سىڭىشـىپ، بىرلىشـىپ، ئۆزلـىرى تۇرغـان رايـون خـاراكتېرىنى ئالغـان ھالدا كىملىـك شـەكىللەندۇرۇپ، كېيىن مۇستەملىكىگە قارشى ئېتنىك مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكنى مىسال قىلىدۇ ( Eriksen, 2010. pp.96-116) . بۇ خىل قاراش بىر ئېتنىك توپلۇمنى شەكىللەندۈرمەي، ھېچقانداق ئېتنىك كىملىككە ئىگە بولماي، قانداشلىق جەمەت شەكلىدە ياشىغان قەبىلىلەردە پەقەت ئۇرۇق تۇققان جامائەتلىشىشنىڭلا مەۋجۇت بولۇپ، مىللەتچىلىكنىڭ ۋە

يكى ئۇلۇسچىلىقنىڭ مەۋجۇت بولمىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلارغا كاپىتالىستىك زامانىۋىلىشىش يېتىپ كەلمىگەن، ئۇلار پەقەت قەبىلە شەكلىدىلا كونترول قىلىنغان بولسا ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىگە قارشى چىقىشىمۇ پەقەت ھەر بىر قەبىلە، ئۇرۇق — جەمەتنىڭ ئۆز دائىرىسىنى ئازات قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش شەكىللەنمەسلىكى مۇمكىنلىكىنى، يەنى پۈتۈن توپلۇمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئىدولوگىيە بىلەن يېتەكلەيدىغان مىللەتچىلىكنىڭ ياكى مىللەتچىلىكنىڭ دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلغان ئۇلۇسچىلىق شەكلىنىڭ پەيدا بولالمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى ئۇلۇسنىڭ (دۆلەت مىللىتىنىڭ) ئېتنىكسىزمۇ شەكىللىنىدىغانلىقىنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. دۆلەت مىللىتىنى ئېتنىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ياكى ئېتنىك كىملىك دۆلەت مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ دېگەن قاراشلارنى رەت قىلىپ، نورۋېگىيە شېۋىتسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش ھارپىسىدا ئۇلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى دانىس ۋە شېۋىتلاردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقى، ئېنىقراقى نورۋېك ئېتنىكلىقى يوق ئىكەنلىكىنى مىسال قىلىدۇ.(Eriksen, 2010. p.123)

ئەمما ئېتنىكلىقنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دكلەت مىللىتىگە يەنى ئۇلۇسقا قاراپ تەرەققىي قىلىش رولى ھەققىدىكى بۇ تارىخى ئىسپاتلارنىمۇ ئومۇملاشتۇرىۋېتىشكە (بىر تاياقتا ھەيدەپ ئىشلىتىشكە) بولمىسا كېرەك. يۇقۇردا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى كاپىتالىزىم دەۋرىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئۆز كىملىكىنى ھەرگىزمۇ ئافرىقىدىكى قەبىلىلەردەك كاپىتالىزىم دەۋرىدىن بۇرۇن ئايرىم - ئايرىم قانداشلىق بويىچە بۆلۈنۈپ كەتكەن جەمەتلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلغان ئەمەس. بەلكى ئوخشىمىغان قانداشتىكى گۇرۇپپىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن بىر ئېتنىك توپلۇمنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركىي خەلق سۈپىتىدە ياشاپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى مەدەنىيىتى ۋە ئىسلامىي مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ كىملىكىدە ناھايىتى بۇرۇنلا ئەكس ئەتكەن. توماس ئېرىكسېن نورۋېگىيەلىكلەر مۇستەقىل بولۇشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شېۋىتلار بىلەن ئوخشاش ئېتنىك كىملىككە ئىگە بولسىمۇ، مۇستەقىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىگە ئەگىشىش جەريانىدا شېۋىت ۋە دانىسلاردىن پەرقلىنىدىغان ئېتنىك كىملىككە ئېھتىياج تۇغۇلۇپ، يېزىدىكى نورۋېكلارنىڭ سەھرا مەدەنىيىتىنى نورۋېگىيىلىكلەرنىڭ ئۇلۇس كىملىكى قىلىپ قوبۇل قىلغان دەيدۇ.(Eriksen, 2010 p.123) ئېرىكسېن بۇ مىسال ئارقىلىق نورۋېكلارنىڭ ئۇلۇس بولۇپ شەكىللىنىشىگە ئۇلارنىڭ ئەسلى بىر ئېتنىك گۇرۇپ ئەمەسلىكى تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە بۇ مىسالنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۇ توپلۇمنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيۇششى، ۋە ياكى شۇ تېرىتورىيەنىڭ ئىگىسى بولغان بارلىق توپلۇملارنىڭ ئۇيۇششى بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئۆزلىرىگىلا خاس ئورتاقلىقلىرىنى تاپالىشى كېرەكلىكى چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن نورۋېگىيىلىكلەر شەھەرلىكلەر بىلەن پەرقلىق يۇرىدىغان سەھرالىق نورۋېكلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، يېزىلىقلارنىڭ تىلىدىكى شىۋىلەرنى نورۋېگىيىلىكلەرنىڭ ئۇلۇس كىملىكى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىغان. دېمەك، ئېتنىك كىملىك بىلەن ئۇلۇسچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بۇ

مۇرەككەپلىكنى ئېتنىك كىملىكى بىلەن ئۇلۇس كىملىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە پەرقتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مودېرنىستلارنىڭ ئېتنىك كىملىك بىلەن ئۇلۇسچىلىق، ۋە ياكى ئېتنىك كىملىك بىلەن ئېتنىك مىللەتچىلىك مۇناسىۋېتىنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىپ، ئېتنىك كىملىك ۋە ياكى ئېتنىكلىق پەقەت بىر توپلۇمنىڭ ۋە ياكى شۇ توپلۇمغا تەۋە شەخسنىڭ ئۆرپ —ئادەت، مەدەنىيەت كىملىكىدۇر، ئۇلۇسچىلىق بولسا سىياسىي ئۇقۇم بولغانلىقتىن، زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇلۇس كىملىكنى ياراتقان ، ئۇنىڭ ئېتنىك كىملىك بىلەن ئالاقىسى يوق دەپ قارىشى گەرچە نۇرغۇن دۆلەتلەرگە چۈشىسمۇ ئەمما، ھىندىستانلىقلاردىن ئىبارەت يەنە نۇرغۇن ئېتنىك توپلۇملارنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى ئېتنىكلىقنىڭ ئۇلۇسلىشىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقنى ئىسپاتلايدىغانلىقى ئېتنوسىمبولىستلارنىڭ نەزەرىيەسىنى تەستىقلايدۇ. ئېتنىك توپلۇملارنىڭ سىنىپ پەرقى، بىلىم سەۋىيىسىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، يۇرت ۋە شىۋىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىنەزەر، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسى ئېتنىك توپلۇم ئەزالىرىنى بىر بىرىگە باغلايدۇ. ئەنە شۇ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلار بەلكىم بىر ئېتنىك توپلۇم بولۇشىمۇ ۋە ياكى بىر قانچە ئېتنىك توپلۇم بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بۇ باغلىنىشى زامانىۋىي دەۋردىكى تىل —يېزىق، ئۇچۇر -ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما زامانىۋىي ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتە ئېتنىك كىملىككە مەنسۇپ بولغان ئورتاق تىل ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھەتتا ئېتنىك ئۆرپ -ئادەتلەرمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى زامانىۋىي دەۋر شارائىتىنىڭ تەسىرىدە كەڭ كۆلەمدىكى بىرلىشىش ۋە ئۇيۇشۇش جەريانىغا سىڭىپ كىرىدۇ. مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ياكى نامايىشلىرىدا ئېتنىك سىمۋوللۇقتا ئىگە بەلگىلەرنىڭ، ئېتنىك گۇرۇپنىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت كىيىم -كېچەكلەرنىڭ شۇ توپلۇمنىڭ بىرلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ .

بىز بۇ كىتاپتا ئېتنىك كىملىك بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، شەخسنىڭ ئېتنىك كىملىكتە ئوينايدىغان رولىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئېتنىك كىملىكنىڭ بىر ئىدولوگىيە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئوخشاشلا بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ئېتنىك مىللەتكە تەۋە بولغان ئۇلۇس كىملىكى، مەيلى ئۇ پەقەتلا بىر ئېتنىك كىملىكنىڭ ئىدولوگىيە تۈسىنى كۈچلۈك كۆرسەتكەن بولسۇن ياكى ئەسلىدىكى بىرقانچە ئېتنىك كىملىك ئىدولوگىيەسىنىڭ مودېرنىستلار ئېيتقاندەك ئۆزگىرىشى ۋە يوقۇلۇپ يېڭى ئىدولوگىيەگە ئورۇن بېرىشى بولسۇن ۋە ياكى ھەر ئىككى ئىدولوگىيە ئامىللىرىنى ئۆزىدە يۇغۇرۇش ئارقىلىق ھەم ئېتنىك يىلتىزى ئۈچۈن، ھەم زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەنگەن بولسۇن، مەيلى قايسىلا جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ ئوبيېكتىپ شەخس، توپلۇم، سەرخىللارنىڭ رولى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن، ۋە ئۇنىڭسىز بىر سىستېمىلىق نەزەرىيە شەكلىدە ئىدولوگىيە تۈسىنى ئالالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇس كىملىكى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى تاللاشقا بولىدىغان نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇلۇس كىملىكىنىمۇ ئېتنىك كىملىككە ئوخشاشلا ئىدولوگىيە دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ .

چۈنكى، ئۇلۇس كىملىكى[17] ( دۆلەت مىللىتى كىملىكى) تەبىي قانۇنىيەت، ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ياكى دۆلەت پۇقراسىنىڭ قوبۇل ئىقتىداردىن ئېشىپ كەتكەن مۇتلەق نەرسە ئەمەس. ئۇلۇس كىملىكى شۇ دۆلەتنىڭ ياكى شۇ دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قانداق بىر كىملىكنى يارىتىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. شەخسنىڭ ئۇلۇس كىملىكى بولسا ئۇنىڭ بۇ كىملىكنى ئۆزىدە ئىپادە قىلىش قىلماسلىقىدا، بۇ كىملىكنى قوبۇل قىلىش قىلماسلىقىدا، ياكى قانچىلىك ۋە قانداق قوبۇل قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلۇس كىملىكى دېگەن بۇ ئۇقۇم مەلۇم تېررىتورىيە ياكى زېمىن ئىگىدارچىلىقىغا ئىگە بولغان بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىملىكنى ئوخشاش بىر دۆلەت مەدەنىيىتىگە ئەگىشىش ۋە ئوخشاش قانۇنغا بويسۇنۇش ئارقىلىق بۇ زېمىندىكى مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقلىرى بىلەن ئىپادە قىلىشىدۇر. بۇ خىل دۆلەت كىملىكى ئۇقۇمى غەربنىڭ دۆلەتلىشىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، خالىغان بىر يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ دۆلەت قۇرۇۋېلىش ئەمەس بەلكى تارىخى يىلتىزىدىن تارتىپ مەلۇم تېررىتورىيەدە ياشاپ شۇ يەرنىڭ ئىگىلىرى بولغان ياكى بولۇپ كېلىۋاتقان ئېتنىك توپلۇملارغا قارىتىلىدۇ ۋە بۇ دۆلەت كىملىكىگە ئىگە بولغان ياكى بولۇشقا شەرتى توشىدىغان ئېتنىك توپلۇملارلا ئۇلۇس بولالايدۇ. (Smith, 1991)

بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دۆلەت پۇقرالىرى بولسا كۆچمەنلەر ياكى ئاز سانلىق ھېساپلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا ناتۇرالىزەد ( باشقا دۆلەتتىن كېلىپ گرازدانلىق تەلەپ قىلغۇچى) گراژدانلىقى بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇلار يەنىلا شۇ دۆلەت تەرىپىدىن قوغدالغان، ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى ھېساپلىنىدۇ. ئېرنېست گېلنېر(Ernest Gellner (1983 قاتارلىق مودېرنىستلار نەزەرىيەچىللىرى ئۇلۇس كىملىكنى شۇ دۆلەت كىملىكنىڭ ئومۇملاشقان، يۇقىرى مەدەنىيەت كىملىكى دەپ قارايدىغان بولۇپ، دۆلەت يولىغا قويىغان بىرلىككە كەلگەن تىل - يېزىق، بىر تۇتاش مائارىپ سىستېمىسى، بىر تۇتاش ئىقتىسادىي سىستېما، قانۇن ۋە مەجبۇرىيەتلەر، يۇقىرى دەرىجىدىكى سانلىق تېخنىكىلىق مەلۇماتلار ئالدىنقى شەرت قىلىنغان بىر كىملىك، ۋە بۇ كىملىك جەمئىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەر يۆتكىلىشچان، بىر ھەرىكەتتىن يەنە بىر ھەرىكەتكە، بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا كۆچەلەيدىغان، ئىشلەش جەريانىدا كەڭ دائىرىلىك ئالاقە ئورنىتالايدىغان، ئۈچۈر ئالماشتۇرالايدىغان ، ئىش ئىزدەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بولغان شەخسلەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان زامانىۋىي كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇلۇسقا تەۋە بولغان مەدەنىيەت كۇلتۇرنى نامايەن قىلىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئۇلۇس تېررىتورىيەگە، قۇرۇلغان دۆلەتكە تەۋە مىللەت ياكى مىللەتلەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كىملىكمۇ دۆلەتكە سىياسىي باغ بىلەن باغلىنىپ، جەمەتكە، ئۆزى تەۋە سىنىپقا ياكى پادىشاھقا ئەمەس بەلكى ئۆزى قۇرغان دۆلەتنىڭ ئىگىلىرى بولغان خەلققە سادىق بولىدۇ (Gellner, 1983. p.7)

---

[17] ئۇلۇس كىملىكى بىر دولەتكە تەۋە بولغان بىر ئېتنىك مىللەتنىڭ ئېتنىك مىللەت كىملىكنى ياكى دولەت مىللىتى كىملىكنى ياكى بىر دولەتكە تەۋە بولغان بىردىن ئارتۇق مىللەتلەرنىڭ دولەت مىللىتى كىملىكنى كورسىتىدۇ.

دۆلەتتىن ئىبارەت خەلقئارا سىستېمىدىكى ئاساسلىق ئاكتىيور ھىساپلىنىۋاتقان بۇ نەرسە بولسا زىيالىلار، بيوروكراتلار، ئىنىستىتوتلار، سىياسى پارتىيەلەر، تىل، قاتناش، تاراتقۇ قاتارلىقلار ئارقىلىق دۆلەت گراژدانلىرى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ(Gellner, 1983. p.55)

ئەمەلىيەتتە مودېرنىستلار ئېيتقاندەك دۆلەت مىللەتلىرىنىڭ(ئۇلۇسىنىڭ) ئېتنىك كىملىكى سۇس بولغان، ئومۇملاشقان يۇقۇرى مەدەنىيەت كىملىكى كۈچلۈك گەۋدىلىنىدىغان ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەتلەرمۇ مەۋجۇت. لېكىن، ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىمۇ ئۇلۇس كىملىكى بىلەن بىرلىكتە نامايەندە قىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلۇس كىملىكىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن يالغۇز ئۇلۇس كىملىكىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ھېچقانداق ئېتنىكلىق بىلەن ئالاقىسى يوق يۇقىرى مەدەنىيەت كىملىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قېلىشى مۇتلەق ئەھۋال ئەمەس. مەسىلەن ئېتنىك كۇلتۇر ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى، ئېتنىك سىمۋوللۇقنى، ئېتنىكلىقنى يىلتىزى ۋە تارىخىنى كىملىك سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلاردىن تەشكىل تاپقان كۆپ كۇلتۇرلۇق دۆلەتلەر (civic nation state) مودېرنىستلارنىڭ بۇ نەزەرىيەسىگە زىت كېلىدۇ. مودېرنىستلارنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى پەقەت بىرلا ئېتنىك مىللەتنىڭ دۆلەت كىملىكىگە يەنى خۇددى ياپونىيە ياكى ئىتالىيەدەك دۆلەتلەرگە قارىتىلدى دىيىشكە توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا بۇ ئېتنىك مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز يىلتىزى ۋە تارىخنى يېڭى، زامانىۋى، دۆلەتلەشكەن كىملىكى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ مېڭىۋاتقانلىقى مودېرنىستلارنىڭ ئېتنىك كىملىك بىلەن ئۇلۇس كىملىكى ئوتتۇرىسىدىكى باغنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئېتنىك كىملىكنىڭ ئۇلۇس كىملىكى بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى ئېتنىكلىق كۇلتۇرى سۇسلىشىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي يۇقىرى مەدەنىيەت ئۇلۇس كىملىكىدە نامايەن قىلىدىغان، كۆپ خىل ئېتنىك كۇلتۇرى بولمىغان دۆلەتلەردە، شۇ دۆلەتلەردىكى ھەممە شەخسنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى ئاساسي جەھەتتىن باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشكەن، ياكى بۇ دۆلەتلەردە مۇستەملىكە قىلىنغان، قوشۇۋېلىنغان زېمىن ۋە مىللەت بولمىغان ئەھۋالدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەر مۇستەملىكچى ئۇلۇس كىملىكىنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇس ياكى دۆلەت مىللىتى كىملىكى سۈپىتىدە ئېلىپ يۈرۈشنى رەت قىلىدىغانلىقتىن، ئۇلاردا يۇقىرى دەرىجىدە ئېتنىك كىملىكىنى قوغداش ۋە ئۇلۇس كىملىكىگە قارشى تىركىشىش پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت چېگرىسى ئېنىق تېررىتورىيەسى بولغانلىقتىن ئۇلار بايرىقى، سىمۋوللۇق بەلگىللىرى قاتارلىق ئۇلۇس كىملىكلىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرۈش بىلەن بىرگە قولدىن كەتكەن دۆلىتىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ئۆز ئۇلۇس كىملىكىنى تولۇق شەكىلدە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان بىر مىللەتتۇر.

ئۇلۇس كىملىكىنىڭ ئابستراكت جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، بىرىنچىدىن، دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇس) ئەزالىرى ياتلارغا قارشى بىر - بىرىگە مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇلار يات دۆلەت مىللەتلىرى بىلەن ئارىلىق ساقلايدۇ. بۇ ئارىلىق ساقلاش پەقەت خەرىتىدىكى چېگرا بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ھىس تۇيغۇ جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۈچىنچىدىن، دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇس) ئەزالىرى ئۆز دۆلەت مىللىتى

(ئۇلۇس) كىملىكىدە «بىز» دېگەن ئۇملۇكنى ساقلاش بىلەن بىرگە ئۆز ئېتنىك كىملىكىدە «مەن» دېگەن خاسلىقنى ئۆز - ئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ ساقلايدۇ. (Karolewslki and Suszycki, 2011. pp.37-40)

ختاي هۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇس) بەرپا قىلىش سىستېمىسى ختايدىكى ياكى ختايلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ كىملىكىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش بىلەن بىرگە، يالغۇز ئېتنىك خەن مىللىتىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ئۇلۇس كىملىكى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇرۇشتۇر. بۇ پەقەت ئاسسىمىلاتسىيە ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئۇلۇس كىملىكى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھچزامان ختاي دۆلىتىنىڭ ئۇلۇس كىملىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى ختاي ئۇلۇسى دەپ قارىغان ئەمەس .

ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتنىڭ ختاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقى ۋە تېررىتورىيەسىنىڭ ختاي دۆلىتىگە قوشىۋېلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ھالدا شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيەسىنىڭ تاجاۋۇز ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ختاي ئۇلۇسى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇۋېلىپ يۇرگۈزىۋاتقان دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى باغ بىلەن باغلىنىپ سادىق بولۇشى ۋە ختاي ئۇلۇسى تۈزۈلمىسىگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى بۇ يەردە ناھايىتمۇ ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنى نۆۋەتتە ختاي دۆلىتىگە تەۋە بىر ئېتنىك توپلۇم، ختاي پاسپورتى ئارقىلىق دۆلەت تەۋەلىكىنى نامايەن قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇستەملىكىدىن قۇتۇلغانغا قەدەر ختاي «ئۇلۇس»ى دەپ ئېتىراپ قىلماي ئامال يوق دەپ قارالغان تەقدىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇس كىملىكى ختاي ئۇلۇس كىملىكى بولغان بولىدۇ ۋە ئۇيغۇرلار ختاي دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇسى) سانالغان بولىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي ئۇلۇس كىملىكىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن بۇ قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئورتاق يۇقىرى سەۋىيەلىك مائارىپ پۇرسىتىدىن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈزۈلمىسىدىن، كەڭ دائىرىدە ئۈچۈر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولالاۋاتامدۇ؟ ياق. ئۇلار ئەركىن يۆتكىلىش، كۆچۈش، ئىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش ھوقۇقىغا ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىش ھوقۇقىغا، ھەق - ھوقۇقلىرى قوغدىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگەمۇ؟ ياق.

ئۇلۇس مەلۇم كۆلتۈرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان غايەت زور سىياسى توپلۇم. ئۇلار خۇددى ئاندېرسون بېننېت (Anderson Bennet (1991 «تەسەۋۋۇردىكى كوممۇنىتي» (غايىۋى جەمئىيەت) دېگەن ئەسەردە ئېيتقاندەك، ئادەتتە بىر دۆلەتتە بىر - بىرىنى تونۇپ كەتمىسىمۇ، ئېتنىكلىق، جىنس، دىن ۋە كەسپ جەھەتتە پەرقلەنسىمۇ، ئۆز - ئارا بىرلىك ۋە بىر پۈتۈنلۈكتە ئوخشاش كىملىكنى ئىپادە قىلالايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي ئۇلۇسى ياكى ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش، شۇنداقلا ئۇلۇس (دۆلەت مىللىتى) كىملىكىنىڭ بىر ئىدولوگىيە ئىكەنلگىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، قانداق ئەھۋالدا بىر دۆلەتنىڭ مىللىتى ھېساپلىنىدىغانلىقنى چۈشىنىش بىلەنىلا قالماي، دۆلەت تەۋەلىكى كىملىكىنىڭ مىللەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ياۋروپالىق ئۇلۇس تەتقىقاتچىلىرىدىن كارولېۋسلكى (Karolewslki) نىڭ

ئۇلۇس كىملىكىنىڭ مىللەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدىكى ئانالىزى ئىنتايىن قايىل قىلارلىق بولۇپ، ئۇ ئۇلۇس كىملىكىنىڭ كىشىلەرگە ئەقلىي جەھەتتىن، غۇرۇر جەھەتتىن، قانۇنىي جەھەتتىن ۋە شۇنداقلا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورتاق ھەرىكەتكە ئۆتۈش قاتارلىق جەھەتلەردىن تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. (Karolewslki and Suszycki, 2011. p.5)

ئۇنىڭ قارىشىچە ئۇلۇس كىملىكى كىشىلەرنى ئەقلىي جەھەتتىن كونترول قىلىپ ئۇلاردا ئۆزىنى ئۇلۇسنىڭ بىر ئەزاسى دەيدىغان قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ دۆلەتنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارىغانلىقتىن، شۇ دۆلەتكە تەۋە ئېتنىك توپلۇملارغا ئومۇمىي بولغان ئۇلۇس كىملىكىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز شەخسىي كىملىكىنى ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئېنىقكى ختاينىڭ ئۇلۇس كىملىكى كۆپ ئېتنىكلارغا ئورتاق ۋە باراۋەر بولغان بىر ئومۇمىي ئۇلۇس كىملىكى ئەمەس، پەقەت ئېتنىك خەن كىملىكىنىلا كۆرسىتىدىغانلىقتىن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز كىملىكىنى ختاي قىلىشقا تىرىشىش ھېچ قاچان مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇرلار چىرايىنىڭ ياكى كىيىم كېچەكنىڭ، قىلىقلىرىنىڭ ختايغا ئوخشىشىپ قېلىشىدىن تولىمۇ بىزار، ئۇلار ھېچقاچان ختاينىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ياقتۇرغان ئەمەس. بۆگۈنكى كۈندە ختاي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى زورلۇق بىلەن تېڭىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆگەندى دېيىشكە توغرا كەلسە، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيەنىڭ مەھسۇلى.

كارولېۋسلكى ئېيتقاندەك، ئۇلۇس كىملىكى شۇ دۆلەتنىڭ مىللەتلىرىگە ئۆزىنى باشقا دۆلەت مىللەتلىرى ئالدىدا مەدەنىيەتلىك ۋە ھورمەتكە سازاۋەر ھېس قىلدۇرۇپ، پەخىرلەندۈرەلىشى كېرەك. ھەر بىر پۇقرا ئۆزى تەۋە بولغان دۆلەتتىن پەخىرلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. مىللەتلەر ئۆزلىرى تەۋە بولغان دۆلەت ئۈچۈن قىلغان ئورتاق كۈرەشلىرى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى، ئورتاق كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئۇيۇشۇپ، بىر بىرىدىن پەخىرلىنىشىدۇ. ئۇيغۇرلارچۇ؟ ھەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ختاي ئۇلۇس كىملىكىدىن نومۇس ۋە خورلۇق ھېس قىلىدۇكى، ھېچقاچان پەخىرلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتنىك خەن ختايلار بىلەن بولغان ئورتاق كەچۈرمىشلىرى ختايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىش، قىرغىنچىلىق ۋە كەمسىتىشكە ئۇچراش كەچۈرمىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق بىرلىشىپ كۈرەش قىلغان، دۆلەت قۇرغان تارىخى ئەسلىمىسى يوق. ختايلار بىلەن ئورتاق بىر تېررىتورىيەگە باغلانغان روھى قۇۋۋىتىمۇ يوق. ختاي بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي دۆلىتىنىڭ ئەمەس باشقا دۆلەتنىڭ ئۇتۇۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىشىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنىڭ، پەخىرلەنمەيدىغانلىقىنىڭ بىر مىسالى.

كارولېۋسلكى ئېيتقان 3-ئامىل يەنى قانۇنىي جەھەتتىنچۇ؟ ختاي ئۇلۇس كىملىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىگە قانۇنىي جەھەتتىن قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ قولىغا ختاي پاسسپورت ئېلىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇس) كىملىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولامدۇ؟ ياق ئەكسىنچە بۆگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار قانۇنىي ئۇلۇس كاپالىتىگە ئەمەس بەلكى ختاي دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلىش كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ختاي

ئۇلۇسى ئەمەسلىكى بۇ نۇقتىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، خىتاي دۆلىتى سىياسىي قارارلارنى ئېتنىك خەن خىتاي مىللىتىنىڭ كىملىكى ۋە مەنپەئەتى ئاساسىدا چىقىرىدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىي قارارلىرى ۋە قانۇنلىرىدا ھېچقاچان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى ئېتنىك توپلۇملارنىڭ كىملىكى ۋە مەنپەئەتى نەزەرگە ئېلىنمايلا قالماستىن ، بەلكى بۇ قارالار ۋە قانۇنلار ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن چىقىرىلغان. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېررىتورىيەلىك سىياسىي مەنپەئەتى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئېتنىك خىتاي مەنپەئەتى بىلەن ئېغىر ۋە كەسكىن توقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادالەت ۋە مىللەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىتاي پۇقراسى سۈپىتىدە ۋە ئوخشاش ئۇلۇس كىملىكى ئاساسىدا، سىياسىي قارارلارنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنى يوقۇتۇپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى بېسىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخ بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت سىياسىي ئەھۋاللا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي كىملىكىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق بىر پاكىتنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۇلۇسى كىملىكىنى ئۆزىدە نامايەن قىلىشى ياكى ئۇلارنىڭ خىتاي ئۇلۇس كىملىكى ئىدولوگىيەسى ئەنە شۇ بىر قاتار مۇمكىنسىزلىكلەر ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇ مەۋجۇت بولمىغان بىر ئىدولوگىيەدۇر. ئۇيغۇرلارغا خىتاي دۆلەت پاسپورتىمۇ بېرىلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپادا پۇل تۆلەپ سېتىۋالىدىغان خىتاي پاسپورتىمۇ ئۇلارنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بولماستىن، بەلكى ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن قېچىشقا لازىم بولىدىغان قۇرۇق دەپتەردىن باشقا نەرسە ئەمەس. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىغان بىر دۆلەت مىللىتى (ئۇلۇس) كىملىكى ئىدولوگىيەسى بىلەن ئۇيغۇرلارنى خىتاي دۆلىتىگە تەۋە دەپ قاراش رېئاللىقتىكى ئىنتايىن چوڭ بىر يالغانىنىڭ ۋە ناھەقچىلىقنىڭ رەسمىيەتكە ئايلاندۇرۇلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇلۇس كىملىكى دۆلەت قۇرۇش كۈرىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق جەريانىدا يېتىلىدىغان ۋە دۆلەت سىستېمىسىدا مۇكەممەللىشىدىغان كىملىك بولغانلىقتىن، كىتاۋىمىزنىڭ كېيىنكى بابىدا ئۇلۇسچىلىق ئۇقۇمى توغرىسىدا ئالاھىدە توختۇلۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار(3):


Anderson, B. (1991). *Imagined Communities- Reflections on the Origin and Spread of Nationalsim*. New York: Verso, p.6.

Eriksen, T. (2010). *Ethnicity and nationalism : anthropological perspectives*. 3rd ed. London: Pluto press, pp.96-116.

Gellner, E. (1983). *Nations and Nationalism*. 1st ed. Oxford: Basil Blackwell, p.36.

Karolewslki, P. and Suszycki, A. (2011). *The Nation and Nationalism in Europe: An introduction*. Edinburgh: Edinburgh University Press.

Smith, A. (1991). *National identity*. 1st ed. London: Penguin Books, p.9.

Smith, A. and Smith, A. (1998). *Nationalism and modernism*. London: Routledge, p.147.

## 4-بۆلۈم: ئۇلۇسچىلىق

ئادەتتە ئىدولوگىيە سىستېمىلاشقان ئىدىيەنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ تەبىئىي پەنلەردىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ تەبىئىي پەنگە ئوخشاش تەبىئىي قانۇنىيەت بولماستىن بەلكى كىشىلەرنىڭ زور كۆلەملىك تەشەببۇس خاراكتېرلىق چاقىرىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلۇسچىلىقمۇ توپلۇمنىڭ ئىدىيەسىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى ھەرىكەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان بىر ئىدولوگىيە.

- جامېس گ. كېللار

-

- **ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى**

ئۇلۇسچىلىق ئۇقۇمى سەلبىي ۋە ئىجابىي ئىككى خىل مەنادا چۈشىنىلىپ كېلىۋاتقان ئىدولوگىيە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلۇس ئۇقۇمى «مىللەت» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ كەلگەنلىكتىن، بىز بۇ يەردە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلۇسچىلىق ۋە مىللەتچىلىككە ئايرىم ئايرىم ئىزاھات بەردۇق ۋە بەزىدە ھەر ئىككىلا ئۇقۇمنى ئىشلەتتۇق. مەسىلەن خەلقئارادا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئەركىن دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت مىللەتچىلىكى «رىسورگىمەنتو (Risorgimento) مىللەتچىلىكى» ياكى بىز بۇ كىتابىمىزدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئالغان ئۇقۇم بويىچە «رىسورگەمەنتو ئۇلۇسچىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ ۋە شۇنداقلا ئەركىن مىللەتچىلىك ياكى ئۇلۇسچىلىق دەپمۇ قارىلىدۇ. ئەركىن مىللەتچىلىكنىڭ پىشۋالىرى 19- ئەسىردىكى گېرمانىيىلىك يوھان گوتفرېيد ھېردېر(Johan Gottfried Herder) ۋە ئىتالىيىلىك گىيۇسېپپې ماززىنى(Giuseppe Mazzini) قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ۋە ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلغان (Alter, 1994).

ئىنتېگرال ( ئاشقۇن ) مىللەتچىلىك دەپ ئاتالغان مىللەتچىلىك بولسا رادىكال مىللەتچىلىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېتنىك توپلۇمنى ياكى ئېتنىك مىللىتىنى دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن باشقا

ھەرقانداق مىللەتكە ئورۇن بەرمەسلىك، ئۇلارنى كەمسىتىش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە يوقىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنتېگرال مىللەتچىلىك دەپ ئاتالغان بۇ خىل ئاشقۇن مىللەتچىلىك ناھايىتى تېزلىكتە ئېرقچىلىق، چاۋۇنىسىم ، فاشىسىم ۋە ئىمپېرىيالىزىمغا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان بولۇپ، مىنىڭ مىللىتىم ھەممە مىللەتتىن ئۈستۈن، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك دىگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.( Alter, 1994)

يېقىندائامېرىكىدىكى AP نىڭ مۇخبىرى گەررى شىھ (2017) Gerry Shih. ئۇيغۇرلار ھەققىدە خەۋەر، ماقالە يېزىپ كېلىۋاتقان مۇخبىر) بىلەن ئامېرىكىدىكى سېنېكا (Seneca) ئاگلىتىشى ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، گەررى خىتاي خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئېغىر باستۇرۇلۇشنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇلارغا ھىسداشلىق قىلمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۇرۇپ كېلىپ، بۇنىڭ سەۋەبي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇرلارنى رادىكال ۋە تېررورىست قىلىپ تەرىپلەپ، يامان كورسەتكەنلىكىدىن بولغان بولۇشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇدۇ ,

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچمەنلىك ۋە كەمسىتىش پەيدا قىلىش تەشۋىقاتلىرى مەسلىنىڭ بىر تەرىپى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەسلىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىۋاتقان خەن ئېتنىك مىللەتچىلىك تەشۋىقاتىنىڭ خەن شوۋېنىزىم ۋەفاشىزىمغا قاراپ تەرەققىي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ جۇڭگۇنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەيدىغان تەشۋىقاتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ھەقلىققە چىقىرىش ئۈچۈن ئىكەنلىگى ھەممىمىزگە مەلۇم. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ۋە ۋە ئاتالمىش بىر بەلۋاغ بىر يول لاھىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا كېڭىيىشتەك ئىمپېرىيالىستىك مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر بەلۋاغ بىر يول لاھىيەسىنىڭ دەرۋازىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئېتنىك كىملىك قىرغىنچىلىقى قىلىۋاتقانلىقى خىتاي ئېتنىك مىللەتچىلىكىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمران بولماقچى بولۇۋاتقانلىقىدەك رەزىل نىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسى خىتايلاشتۇرۇش ئىدولوگىيەسىنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ "دا توڭ خۇئا " سىياستى ئەمەلىيەتتە خىتايلاشتۇرۇشتىن ۋە ئاسسىمىلاتسىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس. خىتاي مىللەتچىلىكى ئۆزىگە ئوخشىمىغان ھەرقانداق ئېتنىك توپلۇم ياكى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئىرقچىلىق ئەنەنىسىگە ئىگە. (Lee, 2014)

خىتاي ئىنقىلاپچىلىرى ۋە سىياسىيونلىرى شەرقىي تۈركىستاننى قوشۇۋېلىشتىن بۇرۇنلا بۇ يەردىكى خەلقلەرنى « لۈخوۋ مىنزۇ»، ئۇلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشىمىز كېرەك دەپ، ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئۈستۈن خەلق دەپ بىلگەن (Leibold, 2017).

ئەركىن مىللەتچىلىك ياكى ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى غايەت زور ئەركىنلىك كۈچى بولۇپ، ئۇ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بىلەن بۆگۈنكى كۈندە بىر تۇتاش مائارىپ ۋە بازار سېتىپمىسىغا، باشقۇرۇش ۋە باج سىستېمىسىغا ئىگە تۈرتكە بولدى. شۇنداقلا، دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، فېئودالىق پادىشاھلىق تۈزۈملىرىگە خاتىمە بېرىپ، ئېتنىك توپلۇم ياكى توپلۇملارنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. (Smith and Smith, 1998)

ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىنى مودېرنىزىم نۇقتىسىدىن شەرھىيلىگۈچىلەر ئۇلۇسچىلىق سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن يۇقۇرى مەدەنىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يېڭى بىر ئىدولوگىيە دېيىش ئارقىلىق، ئۇلۇسچىلىق ئەزەلدىن ئېتنىك كىملىككە يوشۇرۇنغان بىر يوشۇرۇن كۈچ بولماستىن، بەلكى يۇقۇرى مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا تايانغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتىنىڭ يېڭىدىن تۈزۈلۈشى، ئۇ بۇرۇنقى بەزى مەدەنىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگەئېلىپ مېڭىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆزگەرتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ، شۇنداقلا كونا كۇلتۇرنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئېلىپ مېڭىشىمۇ شەرت ئەمەس دەپ تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار، بىر ئۇخلاۋاتقان توپلۇم ئويغانغان، ئۆزىنى ئىزدىگەن، ئۆز توپلۇمىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان تەقدىردىمۇ ئەگەر بۇ ئويغىنىش دۆلەت قۇرۇشنى ئىستىمىگەن ئويغىنىش بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بولىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، بىر ئېتنىك توپلۇم دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىقلا ئۇلۇس بولالايدۇ، ئۇلۇسچىلىق بولسا ئاشۇ ئۇلۇسنى يارىتىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن شارائىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ.(Gellner, 1983. p.48)

مودېرنىستلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى قانداقتۇ بىر سىياسىي ئويغاقلىقلا بولماستىن بەلكى ئومۇمىي ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتنىڭ پىشىپ يېتىلىشى بىلەن ئومۇملاشقان ۋە مەركەزلەشكەن، زىيالىلارنىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىلىم سەۋىيە جەھەتتىن تەستىقلىنىپ بىرلىككە كەلگەن، ئىنسانلار ئېتىراپ قىلىدىغان بىر كۇلتۇر پەيدا بولدى دىگەنلىكتۇر. چۈنكى مودېرنىستلار پەقەت مۇشۇنداق بىر شارائىت ئاستىدىلا مىللەتنى سىياسىي پۈتۈنلۈكنىڭ ئىچىگەئېلىپ كىرگىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق بىر شارائىت ئاستىدىلا ئاندىن

تەشكىللەنگەن بىر جەمئىيەت ياكى ھۆكۈمەت ئۆز سىياستىنى، دۆلەت كۈلتۈرىنىڭ ياكى كىملىكىنىڭ چېگرىسىنى، كۆچى ئارقىلىق خەلققە تاڭالايدۇ، دەپ قارايدۇ.(Gellner, 1983. p.55)

ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى تېررىتورىيە ۋەجۇغراپىيىلىك جايلىشىش ۋە تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت قاتارلىق تاشقىي سەۋەبلەر شۇنداقلا يەنە دوموگرافىيىلىك مەسىلىلەر ئانتروپولوگىيىلىك سەۋەبلەر، ئۇلۇسچىلارنىڭ رولى قاتارلىق نۇرغۇن ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، بەزى جايلاردا ئېتنىكلىقنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلىش ئەقىدىسىدە ئېتنىك ئاشقۇن مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغان دۆلەت قۇرۇش بولسا، بەزى جايلاردا خۇددىي فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن خانلىق تۈزۈمگە قارشى ياۋروپا مىللەتچىلىكىدەك ئەركىن دېموكراتىك مىللەتچىلىك تۈسىنى ئالغان بولىدۇ، ۋە يەنە بەزى جايلاردا خۇددى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللەتچىلىكىگە ئوخشاش تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت تېررىتورىيە مىللەتچىلىكى تۈسىنى ئالىدۇ. ئۇلۇسچىلىق گەرچە يېڭى ئۇلۇس كىملىكى ياراتىسمۇ ئەمما ئۇ تىل، تارىخى يىلتىز قاتارلىق ئېتنىك كىملىك ۋە ئىرقىنمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپ داۋاملاشتۇرىدىغانلىقتىن، كۆپ ھاللاردا مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت تېررىتورىيە مىللەتچىلىكى بىلەن ئېتنىك ئاشقۇن مىللەتچىلىك ئارىلاشتۇرىۋېتىلىدۇ ۋە شۇنداق چۈشىنىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇسچىلىقىنى «خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى پارچىلاپ، ئېتنىك ئۇيغۇر دۆلتى ياكى ئۇيغۇر ئىسلامىي شەرىئەت دۆلتى قۇرۇش نىيتى بار» دىگەندەك تەشۋىقاتلار بىلەن بۇرمىلىشى نەتىجىسىدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ بۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىشى بۇنىڭ بىر مىسالى. ئەمەلىيەتتە ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلىك بىلەن ئەركىن مىللەتچىلىك(ئۇلۇسچىلىق) ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوق بولۇپ، ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلىك ئەركىن مىللەتچىلىك ( ئۇلۇسچىلىق) كە ئوخشاش دېموكراتىك ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىككە ئېرىشىش ۋە ياكى تېررىتورىيەسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنىشنى، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئېتنىك دۆلتىنى قۇرۇشنىلا ئەمەس، يەنە باشقا دۆلەتلەرنىمۇ مۇستەملىكە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . مەسىلەن، بۇ خىل پەرقنى نەزەرگە ئالمىغان ھالدا ئۇلۇسچىلىققا ئومۇملاشتۇرۇپ مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلۇسچىلىقنى (ياكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن مىللەتچىلىكنى) خەتەرلىك نەرسە دەپ قاراش، گەرچە رومانىيەدىكى سىگانلارغا قارىتىلغان چاۋۇنىسىمنى(شوۋىنىزىمنى)، كەمسىتىش ۋە پالاشلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگىنى بىلەن پولشادىكى 1980- يىلدىكى ئۇلۇسچىلىقنىڭ چاۋۇنىسىمنى( شوۋېنىزىمنى) قەتئى

چەكلەپ، دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ھەر خىل كۆلتۈرگە يول قويۇپ، قىرغىنچىلىقتىن خالى ھالدا مۇستەقىللىققە كوچكەنلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. (Jones, 1994)

ئۇلۇسچىلىقنىڭ بىر تەبىئىي مەۋجۇد نەرسە بولماستىن، بەلكى بىر ئىدولوگىيە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۇلۇسچىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىدىغانلىقىدا ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىكى ئۇلۇسچىلىق ئېتنىك ئاشقۇنلۇق سەۋەپلىك مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، شۇنداقلا ئۇلۇسچىلىق دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىنكى زامانىۋىلىشىش ۋە سانائەتلىشىش ئارقىلىق يۇقۇرى كۆلتۈرگە كوچۇش نەتىجىسىدە، خانلىق تۈزۈمگە قارشى دۆلەت سىستېمىسى قۇرۇش ئۈچۈنلا مەيدانغا كەلگەنمۇ ئەمەس. مەسىلەن ئالايلۇق ئىسپانىيەدىكى باسك رايونىنىڭ ئىسپانىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش يولىدىكى باسك ئۇلۇسچىلىقىنى باسك مىللەتچىللىرى ئىجاد قىلغان دىگەن قاراشلار مەۋجۇد. جامېس .گ كېللاس Kellas( 1998) ئۆزىنىڭ «ئۇلۇسچىلىق ۋە ئېتنىكلىق سىياستى» دىگەن كىتابىدا سۇئاللىشۇئىنىڭ "ETA ۋە باسك مىللەتچىلىكى: ئېسكادى ئۈچۈن كۆرەش" دىگەن كىتابىدىن ئۆزۈندە ئېلىپ سابىنو ئارانا ئىسىملىك باسك مىللەتچىسىنىڭ باسك خەلقىگە ئېسكادى دىگەن ئىسمىنى ئىجاد قىلىپ بەرگەنلىكىنى، بايراق ياساپ چىقىپ، باسكلار نوھ ئەلەيھىسالامنىڭ ئەۋلادى دىگەن تارىخى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى كوتۈرۈپ چىقىپ، باسكنىڭ مۇستەقىللىق ئىدولوگىيەسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىنى يازىدۇ . بەزى كلاسسىك مىللەتچىلەر ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت كونكرىتلاشتۈرۈلمىغان ياكى تەپسىلاتىغا كىرمىگەن تەبىئىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا، بىر ئېتنىكنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بولمىغان ئەھۋالدا، يەنى دۆلەت قۇرۇشتىن مۇستەسنا بولغان ئەھۋالدا، ئېرىشىدىغان مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىمۇ مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسى ياكى ھەرىكىتى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بولمىغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئېتنىك كۆلتۈرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىششى ياكى دۆلەت قۇرۇشتىن ۋاز كەچكەن ھالدا پەقەت باراۋەرلىك ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىشى ئاشقۇن بولمىغان ئېتنىك كۆلتۈر مىللەتچىلىكىدۇر ( چۈنكى بۇ باشقا مىللەتنى كەمسىتىدىغان ئاشقۇن مىللەتچىلىكتىن پەرقلىنىدۇ). ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت ختاي دۆلىتىگە تەۋە بولغان ھالدا ختاي مىللىتى بىلەن باراۋەر ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىمۇ مىللەتچىلىك ھىساپلىنامدۇ؟ دىگەن

مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇس كىملىكىنى تاللىشى ياكى ئېتنىك كىملىكىنى تاللىشى جاۋاپ بېرەلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇلۇس كىملىكى بولغان بىر مىللەت، ئەگەر ئۇلار بۇ ئۇلۇس كىملىكىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئېتنىك كىملىكمىزنى ساقلاپ قالساقلا بولدى دەيدىكەن ئۇنداقتا بۇ ئۇلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسى مىللەتچىلىكنى ئەمەس ئېتنىكلىق ۋە مەدەنىيەت ئورپ - ئادىتىنى سۆيۈش ۋە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت كۇلتۇر مىللەتچىلىكنى تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەت بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ كۇلتۇر مىللەتچىلىكى بولۇپ، ھەرگىزمۇ سىياسىي مىللەتچىلىك ياكى ئۇلۇسچىلىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ خىتاي پۇقرالىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق، ئېتنىك كۇلتۇر مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىش مەقسىدىگە يېتىش - يېتەلمەسلىكىمۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە خىتاي ۋەزىيىتىگە باغلىق. ئاخىرقى ھېساپتا خىتاي بىلەن باراۋەر ھوقۇقتا ئېرىشىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار يوقلۇغىنى كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە خىتاينى دېموكراتىك دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمىغىنى ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن خىتاينى كاناداغا، كانادادا مۇستەقىل دۆلەت قۇرمايمۇ مىللەت بولالىغان ۋە فرانسۇز ئېتنىكلىقى كۈچلۈك بولغان كۇبېكنى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كۇبېكلىكلەرنىڭ فرانسۇز تىلى كانادانىڭ ئىنگلىز تىلى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى دۆلەت تىلى ھېساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ كاتولىك دىنىمۇ كانادانىڭ دۆلەت دىنى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار بىر تۇتاش دۆلەت مائارىپىدىن ئەركىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسداي تۈزۈلمىسى، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. مانا بۇ سەۋەپتىن كۇبېكلىكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت تېررىتورىيە مىللەتچىلىكى كۈچلۈك ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئېتنىكلىقى ۋە ئېتنىك كىملىك ئىدولوگىيىسىنىڭ كۈچلۈكلىكى «كۇلتۇر» مىللەتچىلىكى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

ئەمما ئالدى بىلەن كۇبېكلىكلەرنىڭ كانادادىكى ئورنىنىڭ ئېتنىك مىللەت بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كانادا ئۇلۇسى بولالىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كانادادىكى ھەق - ھوقۇقلىرى، ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان تەقدىردە ئېرىشىدىغان ھەق - ھوقۇقلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆز كۇلتۇرىنى قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىشىمۇ قىيىنغا چۈشكەن بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيتساق، كۇبېكلىكلەرنىڭ دەل ئەكسىچە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دۆلىتى ئىچىدە ئېتنىك كىملىكنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت مىللەتپەرۋەرلىك ھوقۇقى يوق. (چۈنكى بىز يۇقۇرىدا

ئېيتسپ ئوتكەندەك ئۇلار ختاي دۆلتىنىڭ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىنىش ، ئورتاق مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي سىستېما قاتارلىق دۆلەت كىملىك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايدۇ .)
ئېتنىكلىقنى ساقلاپ قېلىش گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ يوقۇلۇپ كەتمەسلىكى ۋە مەۋجۇدلۇقدا مۇھىم رول ئوينىسمۇ، ئەمما ئۇلۇسچىلىق يەنى دۆلەت قۇرۇش زېھنىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغىنىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى بولالمايدۇ .

ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان پىسخىك ئالاھىدىلىكنى، ئېتنىك يىلتىزنى، كۇلتۇرنى، مەدەنىيىتىنى، ئېتىقادىغا سادىقلىق كۆرسىتىدىغان ئېتنىك كىملىك تارىخى( باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئالاھىدىلىكى ) نى، شۇنداقلا زۇلۇمنى يوقىتىپ دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان سىياسىي خاراكتېرىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پاجىئەسى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىدە سىياسىيسىۋېلىقنى يەنى ئۇلۇسچىلىقنى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكى ئېتنىك يىلتىزى ۋە مەدەنىيىتىنى سۆيۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئەسلىدىكى ئېتنىك يىلتىزىدىن تارىخىدىن پەخىرلىنىشنى مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئۇيغۇر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۈيۈشىشىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇپ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تېررىتورىيە مىللەتچىلىكىدۇر. ئۇ ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئۆتمۈشىدىن، ئېتنىك يىلتىزىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئىزدەش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەسلەپكى باسقۇچىنىمۇ، ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسىنى كۈچەيتىشتەك ھازىرقى باسقۇچىنىمۇ ۋە دۆلەت قۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تولۇق ئەركىنلىكى ۋە باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتەك ئاخىرقى باسقۇچىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئېتىقادى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىدىكى ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، يات دىندىكى ئىشغالىيەتچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىش بولغان. ئىسلام دىنىمۇ خرىستىئان دىنى قاتارلىق باشقا چوڭ دىنلارغا ئوخشاشلا نۇرغۇن ئىرق، ئېتنىك ۋە مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان خەلقئارالىق دىن. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىدا مىللەت ۋە ئىرق ئايرىپ كەمسىتىش قاتتىق چەكلىنىدىغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەردىكى ئېتنىك مىللەتچىلىكى ئۆزىدىن باشقا ئىرقتىكىلەرنى تۆۋەن كۆرۈپ يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىرقىي مىللەتچىلىك بولماستىن، بەلكى ۋەتەن قۇتقۇزۇشتىن

ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولغىنى بولسا ئىسلام دۈشمىنى بولغان كوۇگزىچىلىق ۋە ختاي مۇستەملىكە كوممۇنىست ئىدولوگىيەسى ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلانىڭ ئۇلۇسچىلىقى شەرقى تۈركىستاندىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوغداپ قېلىش بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنى بۇ يەردە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇلۇسچىلىق بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ ۋە بۇ بىرلىشىش ئاللاھ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا زىمىن قىلىپ بەرگەن بۇ ۋەتەننى قايتۇرۇپ ئېلىپ، زۇلۇم يوقىغان، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە تېنچلىققا كاپالەتلىك قىلغان بىر دۆلەت قۇرۇش بىلەن ئىسلامدىكى ئادالەت تەشەببۇسىنىڭ كېسىشكەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنداقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى قاچاندىن باشلانغان ؟

ئۇيغۇرلار سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچراپ، ئۇلۇس كىملىكىگە ئېھتىياجى بولغان يېڭى بىر مىللەت شەكىللەندۈرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇلۇسچىلىقى تارىخىي يىلتىزى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، ئۇرۇقدىلا مىللى غۇرۇرى ۋە دەپسەندىچىلىككە قارشى تۇرۇش روھى بولغان ئېتنىك خاراكتېرلىرى بىلەن قوساقتىكى بوۋاق بولغان بولسا، مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى ئارقىلىق تۇغۇلغان بوۋاققا ئايلىنىپ, مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتەك ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىغا ئۆتۈپ بولغان. 1815- يىلى باشلانغان تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئىنقىلابىدىن تارتىپ تاكى ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانغا ۋە ھازىرقى زاماندىكى بارىن مۇستەقىللىق ئىنقىلابىغا قەدەر ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇلۇسچىلىقنىڭ گەرچە ئىدولوگىيە سۈپىتىدە مۇكەممەللەشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن پەيدا بولماستىن بەلكى بۇرۇندىنلا مەۋجۇد بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يىلتىزىنىڭ بارلىغىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما ختاينىڭ تېزلىكتە كۈچىيىشى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىدىن ئۈمىت ئۈزۈشكە چۈشۈپ قېلىشتەك بىر خىل سۇسلىششقا قاراپ مېڭىۋاتقان بولۇپ، بۇ غايىنى يوقىتىپ قويماسلىق، ئەۋجىگە چىقىرىش ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ زىممىسىدىكى ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەزىپە. ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى گەرچە ئىدىيالىستىك بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنى خىيالپەرەسلىك، رىياللىقتىن يىراق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇسچىلىق مەلۇم شارائىتقا ئەقىل بىلەن بېرىلىدىغان جاۋاپ. (Kellas,1998.p32)

ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان شەرقى تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقى ختاينىڭ ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلىكىدىن، ئېنىقراقى دۇنيادا ئېغىر دەرىجىدە قان تۆكۈلۈش ۋە قىرغىنچىلىققا سەۋەب بولۇپ

كېلىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيا نەپرەتلىنىدىغان  ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلىكتىن تۈپتىن  پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئەزەلدىن تار دائىرىدىكى ئاشقۇنلۇقتا قاراپ مېڭىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئېتنىك مىللەتچىلىكنى ئەمەس بەلكى، شەرقىي  تۈركىستاننىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى قايتا قۇرۇشتىن ئىبارەت تېررىتورىيە مىللەتچىلىكنى  ۋە ئۇلۇس دۆلىتىنى تەرغىپ قىلىپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش بولسا خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك ۋە ئۇلۇس مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى بىردىن بىر جاۋاپتۇر.

### ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى

ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ تېرىم دەۋرىدىگە كەلگەندە مەدەنىيەت ۋە تىل - يېزىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەربىي، دىني ۋە تىجارەت كۈچلىرى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. چۈنكى تېرىم دەۋرى تىل - يېزىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋر بولسىمۇ، ئومۇملاشقان بىر تۇتاش مەجبۇرى مائارىپ سىستېمىسى بولمىغانلىقتىن، تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان خەلقنىڭ ئوقۇش، يېزىش ئۆگىنىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلماي كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان ئاز سانلىق كىشلەر ھۆكۈمرانلىق ۋە باشقۇرغۇچىلىق ئورنىغا ئۆتتى. نەتىجىدە جەمئىيەت ئىككى چوڭ سىنىپقا ئايرىلدى، تۆۋەن تەبىقىدىكى تېرىمچىلار قوساق بېقىش ئېھتىياجىغا باغلىنىپ قالغانلىقتىن،  ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدا غايەت زور كۈلتۈر ۋە سەۋىيە پەرقىي پەيدا بولۇپ، دۆلەت گىراژدانلىرى ئورتاق كىملىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلالايدىغان بىر ئورتاق دۆلەت كۈلتۈرىنى يارىتىش مۇمكىن بولمىدى. بۇ دەۋرلەردىكى دۆلەتنىڭ پەقەت تىنچلىقتا كاپالەتلىك قىلىش ۋە باج - سېلىق يىغىشتىن باشقا رولى بولمىغانلىقتىن، بۇنداق بىر جەمئىيەت ئومۇملاشقان، زامانىۋىي، يۇقۇرى كۈلتۈر بەرپا قىلالمىدى.(Gellner, 1983. p.9)

ئۇلۇسچىلىق ئومۇملاشقان يۇقۇرى كۈلتۈرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان دۆلەت قۇرۇش بولغانلىقتىن پەن - تېخنىكىنى ئاساس قىلغان سانائەتلىشىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بۆلىنىشى، شەھەرلىشىش، مەركەزلەشكەن سىياسىي ئىقتىسادىي  تۈزۈلمىنىڭ پەيدا بولۇشى، بىر تۇتاش مائارىپ سىستېمىسىغا ئېھتىياج چۈشۈشى بىلەن يەنە  جاھانگىرلىك، مۇستەملىكچىلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئارقىلىق مەلۇم تېررىتورىيەگە ئىگە ئېتنىك توپلۇم ياكى ئېتنىك توپلۇملارنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىگە بولغان ئورتاق مەجبۇرىيىتى ئاساسىدا بىرلىشىپ دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى ئۇلۇسچىلىقنى شەكىللەندۇردى( Gellner, 1983. p.42). دېمەك

سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى غايەت زور ئىسلاھاتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بوۋاق ھالىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئېتنىك توپلۇمنى ئۇلۇسقا ئايلاندۇرغان سياسى كۈچكە ئايلاندى . دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنى پادىشاھلار، روھانىيلار، يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر كونترول قىلىۋالىدىغان تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلىپ، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە دېموكراتىيە ئاساسىدىكى ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى كۈچلۈك بىر نەزەرىيەگە ئايلاندى.(Kellas, 1998. p.35)

پەرەننىئالىستلارنىڭ ئېتنىك يىلتىزنى ئاساسي ئورۇنغا قويىدىغان كۆز قاراشلىرىنى ۋە مودېرنىستلارنىڭ بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان ئانتونىي سمىت قاتارلىق نەزەرىيەچىلەر ئۇلۇسچىلىقنى تەڭسىزلىككە ئۇچرىغانلىقتىن زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇش ئۇچۇنلا ئەمەس بەلكى يەنە ئېتنىك پەرق سەۋەبىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ، تەڭسىزلىككە ئۇچرىغان ئېتنىك گۇرۇپنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆز ئېتنىك پەرقىنى باشقا گۇرۇپتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇتۇپ تۇرالىغانلىغى ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن پۇرسەتكە ئېرىشەلىگەنلىكىدىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ (Smith, 1998. pp.47-50).

سىمىتنىڭ قارىشىچە (Smith (1998.p.62 بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ تارىخى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ۋە ئورتاق كەچۈرمىشلىرى ۋە ئەسلى كۇلتۇرى زامانىۋىي يۇقۇرىي كۇلتۇرنىڭ پەيدا بولۇشىدا تۇرتكىلىك رول ئوينايدىغان بولۇپ، بۇ توپلۇمنىڭ ئىلغارلىرى تەرىپىدىن زامانغا ماسلاشقان يۇقۇرى كۇلتۇر قىلىپ تۈزۈپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، بۆگۈنكى شىمالىي ئەنگىلىيەدە ئۇلۇسچىلىقنىڭ بولماسلىقى ئەينى ۋاقىتكى نورتومبرىيا پادىشاھلىقىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ تارىخى ئەسلىمىسىمۇ قالمىغانلىقى ۋە ھەممە جەھەتلەردىن ئەنگىلىيەلىكلەر بىلەن ھېچقانداق پەرقى قالمىغانلىغىنىڭ نەتىجىسىدۇر. جەنۇبىي ئىتالىيەدىمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ناپال پادىشالىقىنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتنىك كۇلتۇرى ۋە تارىخىدىن ئەسەرمۇ قالماي، پۈتۈنلەي ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن، بۆگۈنكى كۈندە ئۇلار ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئايرىم دۆلەت قۇرۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ، شۇ سەۋەپلىك ئېتنىك يىلتىزغا سەل قاراشقا ھەرگىزمۇ بولمايدۇ(Smith, 1998. pp.62-64). ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەملىكە دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇلۇسچىلىغى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا باسقۇچلارنى بېسىپ ئوتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل شەكىلدە پىشىپ يېتىلمىگەن، شۇنداقلا ئۇ يالغۇز سياسىي تۇسلا ئالغان بولماستىن، بەلكى يەنە دىني تۇسمۇ ئالغان. ختايلارنى سەددىچىن ئىچىدىن چىققۇزماي ئۇلپان

تولەتكۈزگەنلىك ھەققىدىكى تارىخلار، ئىسلام ئېتىقادى، تىلى، خاس كۇلتۇرى، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئوغۇزخان قاتارلىق بۈيۈكلەر ھەققىدىكى قىسسە، رىۋايەت، داستانلار، شەرقىي تۈركىستاندا تېررىتورىيەسىدە قۇرغان خانلىقلىرىمىز ھەققىدىكى تارىخلىرىمىز، شۇنداقلا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆرپ — ئادەتلىرىمىز ئۇيغۇرلانى ساقلاپ قالالىغان ھەم ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىغىنىڭ بىخ سۇرۇشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئېتنىك يىلتىزى ۋە تارىخى يوقالمىغان ئەھۋالدا بارلىققا كېلىدىغان ئۇلۇسچىلىق زۇلۇم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شەكىللىنىدىغان بولۇپ، بۇ دۆلىتى بولۇپ باقمىغان ئېتنىك توپلۇملاردا ئەمەس بەلكى دۆلىتى مۇنقەرز قىلىنىپ، تارىخى ۋەتىنى مۇستەملىكە قىلىنغان ئېتنىك توپلۇملاردا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن ئىسپانىيەدىكى كاتالونىيە بۇنىڭ بىر مىسالى.

مەنسۇپلۇق بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، ئۇرۇق - تۇققانلىرىغا بولغان باغلىنىشىدەكلا، شەخس ئۆزى مەنسۇپ بولغان توپلۇمغا بولغان باغلىنىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقتىن، ۋەتەن، مەدەنىيەت، كۇلتۇر ۋە كىشلەرنىڭ ئۆزى ئەگە بولالىغان نەرسىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولۇپ، ئىنسان بۇ ئۆز مەنسۇپلۇقلىرىنى يوقاتقاندا مەۋجۇتلۇقنى يوقاتقان بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرەلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆز شەخسىي مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن. بولۇپمۇ ئېتنىك كىملىكى ۋە ئۇلۇس كىملىكى ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلىك ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى قوغداش روھى ئەمەلىيەتتە شۇ ئېتنىك توپلۇمنىڭ تارىخى ۋەتىنىگە، ئەركىنلىكىگە يەنى ئۇلۇس كىملىكىگە باغلانغانلىقتىن، ئوخشاش ۋاقىتتا بۇ ئۇلۇسچىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ . گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر قانداشلىق كىشىلەرنى ئوخشاش گېنىدىكى توپلۇم ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان ئۇلۇسچىلىق ياكى ئېتنىك مىللەتچىلىكنىڭ مەنبەسى دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت ئۇنىڭ بىرلا تەرىپىدۇر. مەسىلەن بۆگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان ئېغىر زۇلۇم ۋە ئوخشاش تەقدىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ دۆلەت قۇرۇشتەك ئۇلۇسچىلىق ئىدىيەسىنى قانداشلىقتىنمۇ بەكرەك كۈچەيتتى. ئىشغالىيەتچى ختاي ھۆكۈمىتى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوخشىمىغان شەھەر - يېزىلىرىدا بىر- بىرگە ئوخشىمىغان سىياسەت يۈرگۈزدى، يەنى بەزى شەھەرلەرگە سەل كەڭرەك سىياسەت قوللانسا بەزى رايونلاردا قانلىق باستۇرۇش سىياستى قوللۇنۇپ كەلدى، نەتىجىدە سەل كەڭرەك سىياسەتكە ئۇچرىغۇچى ئۇيغۇرلار

ئوتكەن كۈنگە شۈكرى قىلىپ ياشاۋەردى. بۇنىڭ بىلەن بىردەك قارشىلىق بولۇشىنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئويغاق ئۇيغۇرلار قىرغىن قىلىنغاندا، ئانچەكۆپ زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بىر قىسىم رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار ياكى شەخسلەر شەخسىي قۇربانلىق بەرمەسلىك ئۇچۇن ئاربلاشماي سۈكۈت قىلدى. ھەتتا قارشىلىق قىلغۇچىلارنى ئەخمەقلەر دەپ قاردى. نەتىجىدە ئۇلار بىلەن ناھەقچىلىققا ئۇچراۋاتقان، خىتاي ھاكمىيىتى ئاستىدا ياشاشنى خالىمايدىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش ۋە ھاڭ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىغى پەقەت بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. 2016- يىلدىن باشلاپ خىتاي ئىشغالىيەتچىللىرى بارلىق ئۇيغۇرلارنى قارا قويۇق باستۇرغىلى تۇرغان ئىدى، نەتىجىدە بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەگەر قانداشلىق كىشلەرنى ئۇلۇسچىلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىيالايدىغان كۈچكە يېتەكلىيەلىسە ئىدى، ئالدىنقى ئەھۋال يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

ئۇنداقتا خىتايغا ئوخشاش دۆلىتى بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنى قانداق چۈشەندۈرىمىز ؟ ئۇلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى قانداق شەكىللەنگەن ؟ دۆلىتى بولغان نۇرغۇن ئېتنىك مىللەتلەر ئۆز ئېتنىك كىملىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى باشقا ئېتنىك مىللەتلەرنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كوتۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ شۇ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزالىرىدا مىللەتپەرۋەلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك شەكلىنى ئالىدۇ. ئەمما، زۇلۇم ئاستىدا بولمىغان، دۆلىتى بار مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنى باشقا ئېتنىك توپلۇم ۋە ئېتنىك مىللەتلەرگە ھۆكۈمران قىلىش ۋە بۇ ئۇستۇنلۇكنى مەڭگۈلۈك قىلىش، تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلىك، كېڭەيمىچىلىك ۋە ئىرقچىلىق قىلىشى خۇدددى خىتاي ئېتنىك مىللەتچىلىكگە ئوخشاش فاشىزىم شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنداق ئۇلۇسچىلىق دۆلەتلەرنىڭ تەڭپۇڭسىز تەرەققىياتى ۋە كۈچلۈكنىڭ ئاجىزنى بوزەك قىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىق ۋە ئۇلۇسلۇق ئېڭىنى يوقىتىش ۋە شەرقى تۈركىستاننى قانۇنلۇق ھالدا ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن توختىماي «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دىگەن سەپسەتەنى ھەممىلا يەردە تەكرارلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە شەرقي تۈركىستاننىڭ تارىختىن بېرى خىتاينىڭ زىمىنى بولغانلىقىنى قايىل قىلارلىق تارىخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلمىدى، تارىخ پەنلىرى دوكتورى نەبىجان تۇرسۇن موسكۋادا رۇس تىلىدا نەشىر قىلىنغان ئىلمي تەتقىقات ئەسەرلىرى :<< خىتاي تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇر سىياسىي تارىخى

مەسىلىسى>> ۋە << ختاي تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇر ئېتنىك تارىخى مەسىلىسى>>ناملىق مونوگرافىيەلىرىدە كۆرسىتىشىچە، 840-يىلى ئورخۇن ۋادىسىنى سىياسىي مەركەز قىلغان ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ سىياسىي مەركەز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان كۆچمەن ھاياتتىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تارقاپ كېتىپ، ئاساسىي قىسىم غەربكە، يەنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچتى. ئازراق بىر قىسمى گەنسۇ رايونىغا كەلدى، يەنە بىر قىسمى جەنۇبقا كۆچتى. غەربكە كۆچكەن قەبىلىلەر تۇرپان، كۇچار، قەشقەر قاتارلىق تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئىلگىرى-ئاخىرى ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى قايتىدىن قۇردى.840-يىلىدىكى غەربكە كۆچۈش، قاغانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى يۆتكەشتىن ئىبارەت بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئوخشاشلا ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيەلىرى ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان، قەشقەر ۋە گەنسۇدا ئۈچ ئۇيغۇر تۈركىي دۆلىتى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، بۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.[18]

دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ يەكۈنىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ 840-يىلدىن ئىلگىرىلا شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ۋە بۇ جايدىكى ئاساسلىق قەبىلىلەر ئىكەنلىكى دۇنيا تارىخشۇناسلىرى، بولۇپ رۇس تارىخشۇناسلىرىنىڭ كۆپى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان مەسىلە. ئۇ، بۇ نۇقتىئىنەزەر دەلىللەش ئۈچۈن بېرنشتام، مالوف، كلياشتورنىي ، تىخونوف قاتارلىق مەشھۇر رۇس تارىخشۇناس، تۈركولوگلىرىنىڭ قاراشلىرىغا تايانغان.[19]

---

[18] ئۇشبۇ رۇسچە مەنبەگە قارالسۇن: بۇ ھەقتە

Nebjan Tursun, (1998). Voprosy Politichéskoy Istorii Uygurov v Kitayskoy Istoriografii . Moskva: Izdatelstwo Turkistan.

(نەبىجان تۇرسۇن. ختاي تارىخشۇناسلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تارىخى مەسىلىسى. موسكۋا. 1998. رۇسچە )

Nebijan Tursun, (1998).Voprosy etnicheskoy istorii Uygurov v Kitayskoy istoriografii. Moskva: Izdatelstwo Turkistan.

نەبىجان تۇرسۇن، (1998 ) ختاي تارىخشۇناسلىغىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى مەسىلىسى، موسكۋا

[19] نەبىجان تۇرسۇن بۇ ھەقتە پايدىلانغان رۇسچە ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە :

Malov S.E.(1951) PamyatnikiDrévnétyurkiskoy Pisménnosti,Tékisty I Isslédovania, Moskwa-Léningrad. Pp. 4- 34
Klyashtorniy S.G. Kolésnikov. A.G. (1988)Vostochny Turkéstan glazamy Russkikh Putéshéstvénnikov ( Vtoraya polovina 19 veka). Alma-Ata, Nauka. Pp.35-36.

بۇ ھەقتە يەنە بېرنشتام ۋە تىخونوفنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

سۇتۇق بۇغراخان زاماندا ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى تەرەققىي قىلىپ «تۈركى تىللار دىۋانى» « قۇتادغۇ بىلىك قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. قاراخانىلار خانلىقى گەرچە 1219- يىلى قارا خىتاي دەپ ئاتالغان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزى قارىخانىلار خانلىقىنى تارمار قىلىۋەتەلمىگەن. لېكىن چىڭگىزخانىنىڭ كېلىشى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى يىقىلغان ۋە ئۆزىنى بۈيۈك خان دەپ ئاتىغان كەيدۇ خان تەرىپىدىن 1267 -يىلى كونترول قىلىنغان.( Kurmangaliyeva Ercilasun,G.and Ercilasun , K. 2018 . p.9. ) 1758- يىلغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان مونغۇل ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ مانجۇ ئىستىلاسىغا ئۆتۈپ قالغان[20] (. Bughra, 1998. p.290)

مانجۇ مۇستەملىكىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوزغىلاڭلار ئاخىرى 1815- يىلى كەڭ كۆلەمگە يېتىپ مانجۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، 36 يىل مانجۇ ئىستىلاسىدىن قۇتۇلغان ئەمما بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت قۇرالمىغان. 1864- يىلى ياقۇپبەگ قەشقەرىيە دۆلىتىنى قۇرغان ئەمما 1876- يىلغا كەلگەندە پادىشا بەدەۋلەت ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ هوقۇق تالىشىش كۆرەشلىرى بىلەن ۋەيرانچىلىق ئىچىدە ئاجىزلاپ كەتكەن شەرقىي تۈركىستانغا مانجۇلار يەنە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋالغان.(Brophy, D. 2016)

مانا بۇ تارىختىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، تاكى 1949- يىلى خىتاي دۆلىتى قۇرۇلۇپ 1955- يىلى شەرقىي تۈركىستانغا بەسىپ كىرگەنگە قەدەر، شەرقىي تۈركىستان خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەمەس.(Benson, L. 1990) خىتايدىن بۇرۇنقى مانجۇ ئىستىلاسى دەۋرىدە گەرچە شەرقىي تۈركىستان خەلقى قانچە قېتىملاپ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىر تۇتاش قانۇن ۋە هوقۇق سىستېمىسى بولغان، بىر تۇتاش مائارىپ، بىر تۇتاش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە يولغا قويۇلغان، ئورتاق بىر ئەسكىرى قوماندانلىقى بولغان، بىرلىككە كەلگەن بىر شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە شارائىت يارىتىدىغان زامانىۋى سانائەتلىشىش ئۇيغۇرلارغا يېتىپ كەلمىدى. شەرقى تۈركىستانىنىڭ دېڭىزدىن يىراق ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان جۇغراپىيەسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى سەلبى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئىدولوگىيەسى ئاستىدا قارشىلىق هەرىكەتلىرى بولغان بولسىمۇ، تېرىم

[20] Kurmangaliyeva Ercilasun, G. and Ercilasun, K. (2018). The Uyghur community. 1st ed. New York: Palgrave Macmillan, p.6.

دەۋردىن قۇتۇلۇپ، پەن - تېخنىكىغا تايانغان ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا ئىگە سانائەتلىشىشكە كۆچەلمىگەنلىك سەۋەبىدىن بۆلۈنمىچىلىككە خاتىمە بەرگەن بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئاخىرقى نىشانىغا يېتەلمەي، ئوتتۇرا باسقۇچتا تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلىشىشى بىلەن دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى تەسىرىدە تېزلىكتە تارقالغان سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ئىمكانىيىتىگە ۋاقتىدا ئېرىشەلمىدى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ شەھەرلىشىشى ۋە ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ يۇقۇرى تەرەققىياتىدىن مەنپەئەتلىنەلمىدى. نەتىجىدە، يۇقۇرى كۈلتۈرنىڭ تەسىر كۆرستەلمەسلىكى بىلەن، پەقەت زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بارلىققا كەلگەن ۋە ئوتتۇرا باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ مۇكەممەللىشەلمىدى. زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى ئاستىدا بىرلىشەلمىدى. خۇددىي قەبىلىلەرگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆز يۇرتلىرىنىلا قوغداپ شۇ يەرلەردە ئايرىم ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرۇۋېلىپ بۆلۈنمە ھالەت پەيدا قىلدى. ئاقىۋەتتە بولسا، سىرتقى كۈچلەرنىڭ قايتا تاجاۋۇز قىلىپ قۇرۇلماقچى بولغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى يوقىتىشىغا قولايلىق بىر شارائىت يارىتىپ بەردى. يېقىنقى زامان تارىخىغا كەلگەندە دىنىي كىملىك ئاساسىدا بىرلىشىپ، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ دۆلەت قۇرۇش ئىدولوگىيەسى ئاستىدا ئىككى جۇمھۇرىيىتىمىزنى قۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇلۇس بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنىڭ دەسلەپكى غەلبە مېۋىسى قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن خىتاي كىگەيمىچىلىكىگە يەم قىلىندى.

**ئۇلۇسچىلىق بىلەن ئېتنىك مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئۇلۇس ئۇلۇسچىلىقنى پەيدا قىلغانمۇ ياكى ئۇلۇسچىلىق ئۇلۇسنى پەيدا قىلغانمۇ دىگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان تالاش تارتىشلار بار بولۇپ، مودېرنىستلارغا قارشى پىكىردىكى پەرەنىئالىستلار بولسا ئۇلۇس ئېتنىكنىڭ ئۆزى شۇ، ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى، ئۇنى ئۇلۇسچىلار زۇلۇمغا قارشى ئويغۇتۇش نەتىجىسىدە ئۇلۇسچىلىق شەكىللەندى، ئۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن پەيدا بولۇپ قالغان نەرسە ئەمەس دەپ قارايدۇ.(Smith, 1998. p.23).

مودېرنىستلارنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇلۇس بۇرۇن بار بولغان بولماستىن بەلكى ئۇلۇسچىلىق ئارقىلىق يېڭىدىن شەكىللىنىدۇ. پرومورد‍ىئالىستلارنىڭ ئۇلۇس ھەققىدىكى ئەسلىدىكى ئېتنىك قانداشلىقى بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۇلۇسچىلىق جەريانىدا ئۇلۇس بولۇپ داۋاملىشىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدىغان چۈشەنچىسى بىلەن ئېتنوسىمۋوللىستلارنىڭ ئېتنىكلىقنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىللىرى، مۇقەددەس ئىسىم ۋە يەر ناملىرى، تارىخىي كەچۈرمىشلەر ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئۇلۇسنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان نەزەرىيەلىرى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ ئۇلۇس كىملىكى قىسمىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

تەسىرچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك بولۇۋاتقان ئېتنوسىمۋولىست ئېقىمدىكىلەر ئۇلۇس كىملىكىنى تۆۋەندىكىدەك شەرتلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ:

1. تارىخىي ۋەتىنى بولۇش؛ 2. ئورتاق ئەسلىمىسى ۋە ئورتاق تارىخى بولۇش؛ 3.ئورتاق كۈلتۈرى ۋە مەدىنىيىتى بولۇش. 4.ئورتاق قانۇنىي ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى بولۇش؛ 5. ئۆز تېررىتورىيەسىدە ئورتاق ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ئىگە بولۇش كېرەك. (Smith, 1991. p.14)

لېكىن، ھەممىلا مىللەت پروموردىئالىستلارنىڭ نەزەرىيەسىدە ئېيتىلغىنىدەك، يەھۇدى، ئەرمەن ياكى سكوتتىشلاردەك ئېتنىك يىلتىزىدىن قۇۋۋەتلىنىپ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنى پەيدا قىلغانمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئېتنىك يىلتىزى كۈچلۈك بىر مىللەت. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تارىخى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىغىنىڭ ئېتنىك يىلتىزىدىن ۋە قانداشلىقىدىن قۇۋۋەتلىنىپ ئۇيۇشقىشىدىن باشقا يەنە  دىنىنىي كىملىك بىلەن ئۇيۇشقانلىغىنىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكچى تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بارلىق مۇسۇلمان ئېتنىك توپلۇملار بىلەن بىرلىكتە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۇيۇشقان ئىدى. لېكىن بۇ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى غەلبە قىلالمىدى. بىز بۇ توغرىدىكى سەۋەبلەرنى  كىتابىمىزنىڭ «ئۇلۇسچىلىق  ئىدولوگىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى» دېگەن قىسمىدا سوزلەپ ئوتكەن ئىدۇق.

ئۇلۇسچىلىق  مودېرنىستلار ئېيتقاندەك زۇلۇمغا قارشى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ دۆلەت قۇرۇش بولغىنىدا ۋە مىللەت پەقەت ئاشۇ ئۇلۇسچىلىق جەريانىدا دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۇلۇستىن ئىبارەت بىر يېڭى كىملىك بىلەن يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى بولغىنىدا ئۇنداقتا، نۇرغۇن ئېتنىك توپلۇملارنىڭ ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش يولىدا قىلغان كۈرەشلىرى ئۇلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىگە ئىگە بولغانلىغىنى كورسەتسىمۇ، ئەمما پەن - تېخنىكا ئاساسىدا سانائەتلەشكەن ۋە بىر تۇتاش دۆلەت كۈلتۈرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مائارىپ سىستېمىسىغا، ئىقتىسادىي  تۈزۈلمىگە، قانۇنىي ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلەرگە ئىگە دۆلەت

قۇرالمىغانلىقتىن، ئۇلۇستىن ئىبارەت يېڭى كىملىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللەتنى دۆلەت قۇرغان بىلەنمۇ شەكىللەندۇرۇش قىيىن دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىگە ھېچقانداق ئۇچرىمىغان ئەھۋال ئاستىدا دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى بىلەن ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى سىڭگەن بولسىمۇ، بۇنى پەقەت ئۇلۇسچىلىقنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا باسقۇچى بولۇپ، كەلگۈسىگە تەرەققىي قىلالمىغان دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. پەقەت ختاي تاجاۋۇزچىللىرى 1955- يىلى بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشلا، بىر پۈتۈن  شەرقىي تۈركىستاننى بىرلىككە كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ يەنى شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسى ( مىللىتى ) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىغىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەت گەرچە ئىنتايىن قىسقا ۋاقت دەۋىر سۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۇلۇس كىملىكنى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلغان.

دىن ۋە ئۇلۇسچىلىق

دىن بىلەن ئۇلۇسچىلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتمۇ چوڭقۇر تېما بولغانلىقتىن، بىز بۇ كىتاپتا تەپسىلىي تەھلىل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. دىن ئۇلۇسچىلىقنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. دىنىنىڭ ئۇلۇسچىلىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە رولى ئەمەلىيەتتە ئۇلۇسچىلىقنىڭ دىنغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئوخشاشلا،  زامان، ماكان، ئۇنىۋېرسال ئەھۋاللار ۋە ئايرىم ئەھۋاللارغا ئاساسەن   ئۆزگۈرىدىغانلىغى ۋە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانلىغى ئۈچۈن  بىز بۇ يەردە پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ شەرقى تۈركىستان  ئۇلۇسچىلىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە شەرقى تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى رولى ھەققىدە ناھايىتى يۈزەكى  توختۇلۇپ ئوتۇشكە مەجبۇرمىز. تارىختىن بېرى دىنلار مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىك  ۋە ئۇلۇسچىلىق مەنپەئەتىگە مۇھىم تەسىر كورسۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، ئەرمەن، كوپتىك، سىريان قاتارلىق خىرىستىئان چېركاۋلىرى دىنىنى مىللەتنى قوغدايدىغان قالقان قىلغان. كاتولىك پوپلىرى  ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مىللەتنىڭ ئاساسلىق تارىخنى، ئەدەبىياتنى تارقىتىش، گۈللەندۇرۇش ئارقىلىق مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم توھپىلەرنى قوشۇپ، ئۆز مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان (Fishman, 1999. p.154)

18- ئەسىردە يۇنان پوپلىرى گرىك مىللىتىنى تۈرك ۋە لاتىنلاردىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، خىرىستىيان دىنىنى قالقان قىلغان ( Fishman,1999). خورۋات، سلوۋېن، سلوۋاك، پولەك ۋە ئىرىشلارنىڭ دىنسىز داھىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۇلۇسچىلىق ھەرىكەتلىرىدە كاتولىك

چېركاۋلىرىغا ۋە پوپلارغا تايانغان(Fishman, 1999). يەھۇدىلارنىڭ بۈگۈنكى ئىسرائىلىيەنى قۇرۇش يولىدىكى يەھۇدى ئۇلۇسچىلىقىمۇ ئۇلارنىڭ « ئىسرائىلىيەنى ئاللاھ بىزگە ۋەدە قىلغان» دىگەن دىني ئەقىدىسى سەۋەب بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسي پرىنسىپى يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرى، شەيخ ۋە يەرلىك هۆكۈمدار مولىللارغا ئەگىشىش ئەمەس، سىنىپ پەرقىنى يوقىتىپ پەقەت بىرلا ئاللاهقا ئەگىشىش ۋە ئاللاهنىڭ ئالدىدا هەممە ئىنسانىنىڭ باراۋەرلىكىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئويۇشۇش پەيدا قىلدى. ئالدى بىلەن بۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەپ مىللەتچىلىكىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، شۇنداقلا دېموكراتىك ئۇلۇسچىلىق بىلەن كېسىشىدىغانلىقى دىنىنىڭ ئۇلۇسچىلىققا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە ئۇلۇسچىلىقنىڭ، شۇنداقلا ئېتنىك توپلۇمنىڭ دىني كىملىكىنى قوغداشتىكى رولىنى چۈشەندۈرۈپ بەرىسە كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ هەر قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىش، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئىنقىلاپلىرىنىڭ هەممىسىدىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ 1860- يىللاردىكى ئېلى ئىنقىلابىدا تۆڭگان مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىشغالىيەتچىسى مانجۇلارغا قارشى تۇرغانلىقى بۇنىڭ تېپىك مىسالىدۇر. ئەمما بۇ دېگەنلىك دىن هەرقانداق ماكان ۋە زامان شارائىتىغا باقمىغان هالدا ئۇلۇسچىلىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ دىگەنلىك ئەمەس، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىراق كۇردلىرىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىدە دىن بىتەرەپ هالغا ئۆتۈپ قالغان بولۇپ، كۇرتلارنىڭ دىني ئېتىقادىي ئىسلام بولۇشىغا قارىماي، باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارشى ئۇرۇشقا كىردى. گەرچە ئۇممەتچىلىك تەرغىباتچىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ ئاللاھ ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئادالەت ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، مىللەت يوق پەقەت ئۇممەتلا بار دىگەن كۆزقاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆز قاراش بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئادالەت پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ، چۈنكى ئىسلامدىكى تەۋهىد ئاللاهتىن باشقا هېچكىمگە باش ئەگمەيدىغان ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىمۇ ئوخشاشلا هېچقانداق بىر هۆكۈمرانلىقنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئىشغالىيەتچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئادالەتكە ئېرىشتۈرۈش، خىتاي هۆكۈمرانلىقىغا بوي سۇنماسلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىنى رەت قىلىش ئەمەلىيەتتە ئىسلامدىكى ئادالەت پرىنسىپىنى هۆرمەت قىلمىغانلىق ياكى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن ئالايلۇق، ناۋادا بارچە خىتايلار ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولسا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆز ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ دۆلەت قۇرۇشتىن

ۋاز كېچىشى، خىتايلارنى ئۇممەت دەپ بىلىپ ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن هۆكۈمرانلىق قىلىشىغا رازى بولۇشى، ئۇلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىقماسلىقى كېرەكمۇ؟ شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاي تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئۇممەت مەنپەئەتىنى ئەمەس دۆلەت مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋاتقان بىر سىياسىي شارائىتتا، قىسمەن كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسچىلىقىنى خەلقئارا ئۇممەتچىلىككە زىت، خەلقئارادىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا ئايرىمچىلىق قىلغانلىق دەپ چۈشىنىشى زامان ۋە ماكانغا توغرا كەلمىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئېككىنچىدىن، ئۇممەتچىلىك تەرغىباتى ئۇلۇسچىلىقنى مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى بولغان ئەركىنلىك ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ دۆلەت قۇرۇش ئەمەس بەلكى ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن كۆرۈش، مىللەت ئايرىمچىلىقى قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش مەنىسىدە چۈشىنىۋالغانلىقىنى كورسەتمەمدۇ؟ چۈنكى ئىسلام دىنى باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىدىغان دىن بولۇپ، كەمسىتىش ۋە ئىرقچىلىققا تۈپتىن قارشى تۇرىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئۇلۇسچىلىقى ئىرقچىلىق، ئۆزىنىلا ئويلاش، باشقىلارنى كەمسىتىش بولماستىن، بەلكى ئۇممەتنىڭ بىر پارچىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۈگۈنكى زۇلمەتلىك مۇستەملىكە تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ دۆلەت قۇرۇش، كۈچلىنىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئەكسىنچە ئۇممەتكە توھپە قوشۇشتۇر.

ئۇزاق تارىخنى ئاختۇرۇپ يوقۇلۇپ كەتكەن ئېتنىك گۇرۇپلار ياكى مىللەتلەرنىڭ يوقۇلۇش سەۋەبىگە قارايدىغان بولساق ئۇلارنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگىمۇ دىنىنىڭ يوقۇلۇشى سەۋەب بولغان بولسا، ساقلىنىپ قېلىشىغىمۇ دىنىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى سەۋەب بولغان. مەسىلەن قەدىمقى ئاسسىرىيانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يەر يۈزىدىن يوقاپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈش تۈپەيلىدىن بولۇپلا قالماي، ئەڭ ئاساسلىغى ئۇلارنىڭ زىيالىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى بىسۋالغان بابىللىقلارنىڭ دىنىغا ئەگىشىشى نەتىجىسىدە ئېتىقادىنى يوقىتىپ، كۇلتۇر ئاسانلا جەھەتتىن ئاسسىملاتسىيە بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.(Smith, 1986)

Smith(1986) ئاسارىيانلارنىڭ يەر يۈزىدىن يوقۇلۇپ كېتىشى توغرىسىدا توختۇلۇپ بىر مىللەتنى قىرغىنچىلىق ئارقىلىق يوقىتىپ بولۇش قىيىن ئەمما ئۇنىڭ كۇلتۇرىنى، كىملىكىنى يوقۇتىۋېتىش (ethnocide) مىللەتنىڭ تۈپتىن يوقۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاسسىرىيانلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئىكەنلىگىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مسىردىكى پىرئەۋن دىنىنىڭ يوقۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغانلىقىدىندۇر. پىرئەۋنىنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن مىسىر خەلقى ئىلاھ دەپ يۈرگەن نەرسىسىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىدىغان ئاجىز ئىنسان بىلەن ئوخشاش نەرسە بولۇپ چىقىشى سەۋەپلىك، مىسىر سەرخىللىرى ئۆز خەلقىنى بۇ دىنغا داۋاملىق ئىشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. نەتىجىدە خەلق ئۆزى ئىزدىگەن روھى يۆلەنچۈكنى يەھۇدى دىنىدىن تاپقان. بۇ مەغلۇبىيەت پىرئەۋنىنىڭ ئىنسان بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ ئىلاھى مەنىگە ئىگە بولمىغانلىقى، يەھۇدى دىنىدىن ئىبارەت ئىلاهي مەنىگە ئىگە بىر دىنىنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىدىن بولغان. ئوخشاشلا ئىراندىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىلارنىڭمۇ دىنىي كۇلتۇرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا قارىماي، ئۆز دىنىنى تاشلاپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىكى سەۋەبىمۇ بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ دىنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىسلام دىنىدەك يېشىپ بېرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت دىنىي ئەھكاملىرى ئاغزاكىي يەتكۈزىلىدىغان دىن بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنىدەك كىتابى يېزىق شەكلىدە تارقالغان دىن بىلەن رىقابەتلىشىش مۇمكىن بولمىغان(Smith, 1986).

ئاسسىرىيانلارنىڭ دىنىنىڭ ئاساسى ئاجىز، يەنە كېلىپ ئەسلىدىنلا بابىللىقلارنىڭ دىنىغا يېقىن بولغانلىقتىن، بابىللىقلارنىڭ دىنىنى تېزلا قوبۇل قىلىپ يوقۇلۇپ كەتكەن. ئەمما مىسىرنىڭ پىرئەۋن دىنى ۋە ئىراننىڭ زەردۇشت دىنى بولسا گەرچە ئۆز ئالدىغا يىلتىزى ۋە مۇكەممەل كۇلتۇرى بولغان دىنلاربولسىمۇ، خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، يەھۇدى ۋە ئىسلام دىنلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى دىنىي كىملىككە ئىگە ئېتنىك كىملىك يوقۇلۇپ، يېڭى دىنىي كىملىككە ئىگە يېڭى بىر ئېتنىك توپلۇم شەكىللەنگەن. ئەسلىدىكى قىممەت قاراشلىرى ۋە سىمۋۇللىرىنى يوقىتىپ، تىل، كىيىم - كېچەك قاتارلىق مەدەنىيەتلىرىنى ئىسلام مەدەنىيتى بىلەن يۇغۇرۇپ، يېڭى بىر مەدەنىيەت شەكىللەندۈرگەن.(Smith, 1986. p.120). بىر مىلەت ياكى ئېتنىك توپلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىقادىنى يوقۇتالايدىغان باشقا بىر كۈچلۈك، قايىل قىلارلىق دىن ياكى ئىدولوگىيە ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى ئالالىشى كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنى كوممۇنىزىمنىڭ ئاتېزىم ئىدىيىسى ۋە كۈڭزى ئىدىيىسى بىلەن ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئۇرۇشتا غەلبە قىلامدۇ؟ ئېنىقكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان ھەر ئىككى ئىدولوگىيەسىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن رىقابەتلەشكۈدەك كۈچى، ئاساسي ۋە ياكى تەسىرى يوق. ئەگەر ئۇيغۇر خەلقى تاشقىي مۇھىت بىلەن، ئىسلام دىنى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە، كۇڭزى ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا بىر ئۆمۈر قۇيۇۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە يوق بولۇپ

كېتىدۇ. ئەمما مەسىلە، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي سىڭدۇرۇۋاتقان ئىدولوگىيەدىن باشقا ھەققىي بىلىم بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەش - ئېرىشەلمەسلىكىدە.

يىغىنچاقلىغاندا، خۇددى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبرانى تىلى ئۇلارنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىلمىسە بولمايدىغان بىردىن بىر شەرت بولغىنى ئۈچۈن، ئىبرانىچە بىلگەنلىك يەھۇدى دىنىنى بىلگەنلىك بولۇپ قالغىنىدەك، ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان، قىلمىسا بولمايدىغان بىر نەرسىنى چوقۇم تېپىپ چىقىشى كېرەك. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بۇ ئىشتا ئەركىن رول ئوينىيالىغانلىقتىن، بىرلىكنى ۋە ئېتنىكلىقنى ساقلاش ئارقىلىق ئۇيۇشۇپ، ۋەتەننى قايتۇرۇپ ئېلىش دەۋايىمىزنى ئادالەت سۇپىتىدە ئىسلام ئەقىدىمىزگە مەھكەم باغلىشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنىغا مەھكەم يېپىشى ئەمەلىيەتتە ئېتنىكلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئاسسىمىلاتسىيەگە يول بەرمەسلىكى ئەمەلىيەتتە 20 مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئېتىقادىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن. ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ساقلاشقا كۈچىشى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن شارائىت تولۇق يار بەرمىگەن ھالەتتىمۇ بىرلا نەرسىنى، ئۇ بولسىمۇ قىرغىن قىلىنغانلىق تارىخىمىزنى ئۇنۇتماسلىقنى دىني كىملىك بىلەن بىرلەشتۇرۇشى، ئىسلام دىنىدىكى قىساس بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئادالەتكە جايىنى تاپقۇزۇش ئېتنىك كىملىكىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر خىتايلار تىنچلىق بىلەن ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسە، قىساس ئېلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ ئەلۋەتتە. چۈنكى بىز ئادالەتنى تىنچلىق بىلەن ئورناتقان بولىمىز. ئېتنىك كىملىكىمىز دىني كىملىكىمىزدىن ئايرىۋېتىلگەندە ياكى ئېتنىك كىملىكىمىزگە سەل قارالغاندا، مۇستەقىللىقىمىزدىن ۋاز كېچىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار خىتاي مۇسۇلمان، تۈركىيەدە تۈرك مۇسۇلمان ئەرەبىستاندا ئەرەب مۇسۇلمان يايپونىيەدە ياپون مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

## تىل ۋە ئۇلۇسچىلىق

ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۇلۇسچىلىق ئىدىيىسى، سىياسىۋىلىكى ئۇنىڭ ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان تېررىتورىيەدە دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىپ قىلىش بىلەن بىرگە كۈلتۈر جەھەتتە خاراكتېرى ۋە خاسلىقنى باشقىسى ئەمەس ئۆزى قىلىپ ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خاسلىقلىرىدىن بىرى بولغان تىلغا مۇراجەت قىلىدۇ. بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆز تىلىنىڭ يوقىلىشىغا سۈكۈت قىلىشى بولسا ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىگە ئەگەشمەسلىك، تارىخنى، دۆلەتلەرنى، كۈلتۈرنىڭ كۆپ

خىللىششىنى، رەڭگا - رەڭ گۈزەللىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولسا كېرەك. ئۇلۇسچىلار بۇ ساپلىقنى ئومۇمىي خەلقتىن ئىزدىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلۇسچىلار ئۆزىنى زىيالىلار توپى، بايلار توپى، ئوقۇمۇشلۇقلار توپى قاتارلىق بىر قىسىم سىنىپ شەكلىدىكى توپلارغا ئايرىپ، ئومۇمىي خەلقتىن ئايرىلىپ ئۆز توپى ئىچىدىلا ياشىسا ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى قىيىنغا چۈششى مۇمكىن. بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ تارىخى، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى، قانداق بىر ئېتنىك توپلۇم ياكى مىللەت بولغانلىقى، ۋەتىنى ۋە دۆلىتى ھەققىدىكى بىلىملەر، بۇ مىللەتنىڭ ئەۋلاتلىرىنى پەخرلەندۈرىدىغان شەخسلەر، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى، شېئىر - داستانلىرى، ناخشىللىرى، چۆچەكلىرى، ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ۋە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئېتنىك توپلۇمنىڭ تىلى ئارقىلىق يېتىپ كېلىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ. ئۇلۇسچىلىق ۋە ھەتتا كۆلتۈر مىللەتچىلىكمۇ تىلنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكىدە مۇھىم رول ئويناپ، ئۇلۇسچىلارنىڭ ياكى كۆلتۈر مىللەتچىللىرىنىڭ ئانا تىلنى قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ياكى تەرەققى قىلدۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، تىلنىڭ ساقلىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ھەتتا قايتا تىرىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېتنىك توپلۇم ئەزالىرىنىڭ تىل كىملىكىگە ئەھمىيەت بېرىش - بەرمەسلىكى ياكى باشقا تىلنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تىلىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىشى بولسا تىلنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ يات تىلدىكى تۇپراقلارغا سۈرگۈن بولۇپ چېچىلىپ كېتىشى ياكى مۇستەملىكە قىلىنىپ، تىلى چەكلىنىپ ئاسسىمىلاتسىيەگە ئۇچرىشى ئۇنىڭ تىلىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى، تىلنىڭ ۋە باشقا ئېتنىك كۆلتۈرنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى يات كۆلتۈرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش، شۇ تىلنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەكتەپ ۋە جەمئىيەتتە بۇ تىلنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدىغان ھۆكۈمەت سىستېمىسىغا ئىگە بولالماسلىق، ياتلارنىڭ تىلى ۋە ئىجتىمائىي — سىياسى سىستېمىسى ئىچىدە ياشاش ئارقىلىق ئېغىر بۇزغۇنچۇلۇققا ئۇچرايدۇ. تارىختىن بېرى ئېغىر قىرغىنچىلىققا، زۇلۇمغا ئۇچرىغان، تىلى چەكلەنگەن، ۋەتىنىدىن قوغلانغان مىللەتلەرنىڭ تىلى ئاساسەن يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرى پەقەت قايتا دۆلەت قۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنلا تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن. تېررىتورىيەدىن ئايرىلمىغان، ئاسسىمىلاتسىيەگە ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەتكە قېقىلىپ، ئۆزىدىن ئۈستۈن ئورۇندىكى باشقا توپلۇمنىڭ تىلنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىشمۇ شۇ ئېتنىك توپلۇمنىڭ تىلىنىڭ يوقۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىك شۇ توپلۇمنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىنى، ئىشلىتىلىش ئېھتىياجىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىدۇ.(Fishman, 1986. pp.51-74) ئىسرائىلىيەلىك تىل تەتقىقاتچىسى جوشۋا فىشېرمان تىلنىڭ يۈقۈرىقىدەك ئەھۋاللاردىكى يوقۇلۇپ كېتىش سەۋەبىنى ئۈچ ئامىلغا يىغىنچاقلىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى خىل ئامىل ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا كۆرۈلىۋاتىدۇ: بىرىنچىسى: باشقا جايغا كۆچۈپ بارغان كۆچمەن تىل. بۇ كۆچمەن تىل، ئەسلىدىكى يەرلىك قانۇنلۇق تىل ئالدىدا ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتا ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، يوقۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ. ئىككىنچى : ئەسلىدىكى ئورگانىك تىل، تىلنىڭ ئىگىللىرى بولغان ئېتنىك توپلۇم سۈرگۈنلۈككە ۋە ياكى مۇستەملىكىگە ئۇچرىغاندا، ۋە ياكى يەرلىك ئورگانىك تىل بازار رىقابىتىگە كىرەلمىگەندە تىل ئىگىلىرى ئۆز تىلىنى تاشلاپ باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغاندا يوقايدۇ.(Fishman, 1986. pp.51-74)

لېكىن بۇ دىگەنلىك چوقۇم قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ ئېتنىكلىقنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن تىل پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئېتنىك قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلاتسىيەگە ئۇچراپ ئېتنىكلىقنى پۈتۈنلەي يوقاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە بولغانلىقتىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ۋە تۈرك تىلىنىڭ يىلتىزى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاساسەن پەرقلەنمەيدىغانلىقتىن، ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلسىلا ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا ئەسلىگە كەلتۈرىۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا تىلنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن بىر توپلۇمنىڭ ئېتنىك كىملىكى پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىدۇ ياكى بۇ ئېتنىك توپلۇم يوقاپ كېتىدۇ دەپ مۇتلەقلەشتۈرگىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىرىشلار تىلىنى يوقاتقان، لېكىن ئۇلار ئېتنىكلىقنى ۋە ئۇلۇسلۇقنى يوقاتمىدى. يەھۇدىلارنىڭ دىني تىلى بولغان ئىبرانى تىلىمۇ 1000 يىلدەك ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ئۇلارغا بالفور شەرتنامىسى ئارقىلىق پەلەستىندە ئىسرائىل دۆلىتىنى قۇرۇش ھوقۇقىنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن يەھۇدىلار ئىبرانى تىلىنى تىرىلدۈرىۋالدى.
كانادادىكى يەرلىك مىللەتلەرمۇ تىلىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى نۇرغۇن ھوقۇقلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۆز ئالدىغا مەكتەپلەرنى ئېچىپ، تىلىنى قايتىدىن تىرىلدۈرىۋاتىدۇ. قازاقىستاندىكى قازاقلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇنداقلا يەنە پەقەت يالغۇز تىلنى ساقلاپ قېلىش بىلەنلا ئېتنىكلىقنى ياكى ئېتنىك مىللەتنى ساقلاپ قالغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن فىلىپپىندىكى ئەسلىدە تاگالوگ دېيىلىدىغان بىر مىللەت گەرچە ھازىرمۇ تاگالوگچە سۆزلىسىمۇ، لېكىن بارلىق ئېتنىكلىقنى يوقىتىپ، فىلىپپىن مىللىتى بولۇپ كەتكەن. ھەممىلا تىلنىڭ ئۇلۇسچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدا كۈچلۈك تەسىرى بولۇشى ناتايىن. چۈنكى دۇنيادا نۇرغۇن تىللار بار، ئەگەر ئۇلۇسچىلىق ئۈچۈن تىل ئالدىنقى شەرت بولغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا ئاشۇ

تىلنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايرىم دۆلىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس.

ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيتساق تىل، سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى تېررىتورىيەدىن ئىبارەت ۋەتەن دەۋاسى ئۈچۈن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ، كۇردلار ۋە بەربەرىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشمۇ تىلىنىلا ئاساس قىلغانلىقتىن ئەمەس. ھەتتا خىتاي ئېتنىك مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان خىتاي ئۇلۇسچىلىغىمۇ پەقەت خىتاي تىلى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، ئەگەر ئوخشاش تىللىقلار بىر دۆلەت بولىدىغان بولسا ئىدى، خىتايچە سوزلەيدىغان، ئېتنىك خىتاي مىللىتى بولغان تەيۋەنلىكلەرمۇ خىتايغا قېتىلىپ خىتاي ئۇلۇسلىقىنى قوبۇل قىلغان بولاتتى، ھالبۇكى تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئىدولوگىيەسى خىتايلارنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئۇلۇسچىلىق ئۇلۇس بولۇشنى ئۆز ئوبيېكتى قىلىدىغانلىقتىن، ئېتنىك مىللەت ۋە ياكى ئېتنىك توپلۇم ۋە ئۇلۇسلارنىڭ ھەممىسى تىل ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادە قىلىدىغانلىقتىن، گەرچە تىل ئۇلۇسچىلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلۇسچىلار ۋە ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلەر ئۈچۈن تىلنى قورال قىلىش ئۇلۇسچىلىق ۋە ئېتنىك مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىشتا كۆپ ھاللاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇسچىلار ۋە ئاشقۇن ئېتنىك مىللەتچىلەر ئەرەب مىللەتچىلىكىدە ئەرەپ تىلى ئارقىلىق، ئاشقۇن خىتاي مىللەتچىلىكىدە خىتاي تىلى ئارقىلىق خەلقنى ئۇيۇشتۇرغاندەك، تىلنىڭ مىللەتچىلىكتىكى رولىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. تارىخقا قارايدىغان بولساق، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ مۇستەقىل بولغان مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تىل پەرقىگە ئاساسەن مۇستەقىل بولغان. ۋە يەنە مەسىلەن، ياۋروپادىكى قوشۇۋېلىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقلاردىمۇ تىل مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ۋېنگرىيەنىڭ رومانىيەنى قوشۇۋالماقچى بولۇشى، ئاۋستىرىيەنىڭ شىمالىي ئىتالىيەدىكى نېمىسچە سوزلەيدىغانلارغا ھىسداشلىق قىلىشى، رۇسسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىش بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ (Safran, 1999. p.78)

تىل ئېتنىك كىملىكنى ئىپادە قىلىپلا قالماي بەزىدە دىنغا، تېررىتورىيەگە، تارىخقا باغلىنىدىغان بولۇپ، ئەرەپلەرنىڭ تىلىنىڭ دىنغا باغلانغانلىقى ۋە ئەرەپ مىللەتچىلىكىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى، باڭلادېشلىقلارنىڭ گەرچە پاكىستانلىقلار بىلەن ئوخشاش مىللەت بولسىمۇ، ئەمما تىلى ئوخشىمايدىغانلىغى، تىل ۋە جۇغراپىيىلىك ئارىلىق نەتىجىسىدە بېنگال مىللەتچىللىرىنىڭ باڭلادېشنى پاكىستاندىن ئايرىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ۋە پولشالىقلارنىڭ تىل مىللەتچىلىكى بۇ قاراشنى تەستىقلايدۇ(Safran,1999.p.80)

# پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Alter, P. (1994). Nationalism: An Overview. In: C. Cozic,, ed., *Nationalism and Ethnic Conflict*. San Diego: Greenhaven Press, pp.22-24.

Bughra (1998). *Sherqiy Turkistan Tarixi*. 1st ed. Ankara, p.290

Benson, L. (1990). The Ili Rebellion: Muslim Challenge to Chinese Authority in Xinjiang, 1944-49. 1st ed. M.E.Sharpe publisher, p.10.

Brophy, D. (2016). Uyghur nation. Cambridge, Mass.: Harvard University Press, p.72.

Fishman, J. (1986). *The rise and fall of the ethnic revival*. 1st ed. Berlin: Mouton, pp.51-74.

Fishman, J. ed., (2019). *Language and Ethnic Identity*. 1st ed. New York: Oxford University Press, p.154.

Gellner, E. (1983). *Nations and Nationalism*. 1st ed. Oxford: Basil Blackwell, p.48.

Jones, L. (1994). Nationalism: An Overview. In: C. Cozic, ed., *Nationalism and Ethnic Conflict*, 1st ed. San Diego: Greenhaven Press, p.31.

Kellas, J. (1998). *The politics of nationalism and ethnicity*. London: Macmillan Education, pp.27-41.

Kurmangaliyeva Ercilasun, G. and Ercilasun, K. (2018). The Uyghur community. 1st ed. New York: Palgrave Macmillan, pp.6-9

Lee, R. (2014). *Report: Han Nationalism in China*. [online] Studies.aljazeera.net. Available at: http://studies.aljazeera.net/mritems/Documents/2014/3/20/201432095843190734Han%20Nationalism%20in%20China.pdf [Accessed 10 Aug. 2018].

Leibold, J. (2007). *Reconfiguring Chinese Nationalism*. 1st ed. New York: Palgrave Macmillan US, p.18.

Safran, W. (1999). Nationalisim. In: J. Fishman, ed., *Language and Ethnic Identity*, 1st ed. New York: Oxford University Press, p.78.

Shih, G. (2017). *AP Exclusive: Uighurs fighting in Syria take aim at China*. [online] AP NEWS. Available at: https://www.apnews.com/79d6a427b26f4eeab226571956dd256e [Accessed 10 Aug. 2018].

Smith, A. (1986). *The Ethnic Originis of Nations*. 1st ed. Malden MA: Blackwell Publishing, p.104.

Smith, A. (1991). *National identity*. 1st ed. London: Penguin Books, p.14.

Smith, A. and Smith, A. (1998). *Nationalism and modernism*. 1st ed. London: Routledge, p.2.

## 5 -بۆلۈم: دېموكراتىيە بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ مۇناسىۋىتى

بىز يۇقۇرىدا ئۇلۇسچىلىقنىڭ ۋە ئاشقۇن مىللەتچىلىكنىڭ تەبىرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. خوش ئۇنداقتا، شەخس ياكى توپلۇمنىڭ ئۇلۇسچىلىقى قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ ئەگەر ئۇ بىر ئىدولوگىيە بولسا، ئۇلۇسچىلىقنى بۇ ئىدولوگىيەنىڭ قانداق ئىپادىلىرى ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرقى ئورنى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇلۇسچىلىقنىڭ قايسى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. يىغىنچاقلىغاندا ئۇلۇسچىلىق بىرىنچىدىن، شەخسنىڭ ئۆز توپلۇمىغا بولغان سويگۈسى ۋە مەنسۇپلۇقنى كىملىكىدە قانچىلىك ئىپادە قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىش روھى بىلەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان تېررىتورىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى بىلەن؛ ئۈچىنچىدىن، بۇ مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكنى قوغداشتىن ئىبارەت ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن يەنى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆز دۆلەت مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۇلۇس كىملىكنى كۈچلەندۈرۈشتىكى رولى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. (Karolewisky 2011:6)

چۈنكى مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇشتا ئۇلۇسچىلىقنىڭ ئويناىدىغان رولى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دۆلەت كىملىكىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلۇسچىلىق بەزىدە ئېتنىك مىللەتچىلىكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن دېموكراتىيە بىلەن سىغىشالمايدۇ، چۈنكى ئېتنىك مىللەتچىلىك كۆپچەيگەنسېرى باراۋەرلىكنى ئەمەس ئاشقۇنلۇقنى، ئاباشقىلارنى ئەزىش ۋە كەگەيمچىلىك قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغانلىقتىن دېموكراتىيە بىلەن تۈپتىن قارمۇ قارشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى نوقۇل ھالدىكى ئاشقۇن مىللەتچىلىك بولۇپ مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىدىن ئىبارەت ئەركىن مىللەتچىلىك ئەمەس. ئۆز ۋاقتىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا گورباچېۋ يۈرگۈزگەن ئىسلاھات (سوۋېت پېرېستروىكا ھەرىكىتى) گە قارايدىغان بولساقلا مىللەتچىلىكنى دېموكراتىيەگە توسالغۇ بولىدۇ دەپ ئەنسىرەشنىڭ ھاجەتسىزلىكنى كۆرىۋالالايمىز. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۆلۈنۈشىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئايرىم دۆلەت قۇرۇشقا ئىنتىلگەن ئۇلۇسچىلىقى مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. بىز بۇ يەردە خىتايغا ئوخشاش ئېتنىك دۆلەت كىملىكىنى خىتاي مىللەتچىلىكى ئارقىلىق كۈچەيتىۋاتقان بىر رېجىم ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى مىللەتچىلىكنىڭ ئىجابىي رولى ئۈستىدە توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ خىل مىللەتچىلىكنىڭ يەنى ئۇلۇسچىلىقنىڭ دېموكراتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر بىرىگە ئىنتايىن يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز .

ئەسلىدە دېموكراتىيەنىڭ ئۆزى، ئەركىنلىك ئىدىيىسى (لىبېرالىزىم) دىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمىغان ھالدا قارار بېرىش ھوقۇقى بولۇشىنى، يەنى شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى تەرغىپ قىلىدۇ. دېموكراتىيەدىكى بۇ خىل ئەركىنلىك ئىدىيىسى ئىسلام دىنىمىزدىكى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى

ياراتقانلىقى، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىشلارنى قىلىشى ئۆزىنىڭ تاللىشىغا باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچە بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپ سانلىقى مۇسۇلمان خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن دېموكراتىيەدىكى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى تېزلىكتە ئىشقا ئاشۇرالايدۇ .

دېموكراتىيەدىكى شەخسنىڭ ئەركىنلىكى يەنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى ئۇلۇسچىلىق نەزەرىيەسىدىكى بىر مىللەتنىڭ ياكى شۇ دۆلەتتىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بىرى شەخسنى كۆزدە تۇتسا يەنە بىرى نۇرغۇنلىغان شۇنداق شەخسلەردىن تەركىپ تاپقان خەلقنى ۋە بۇ خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى كۆرسىتىدۇ[21] .

ئۇنداقتا بىر دۆلەتتە دېموكراتىك سىستېمىنى ئورنىتىشتا ئۇلۇسچىلىق قانداق، قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟ مەنچە ئەگەر ئۇلۇسچىلىق دېموكراتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا، ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىككىسى بىر بىرىگە ئورگانىك باغلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلۇسچىلىق دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ دۆلەت تېررىتورىيەسىدىكى پۇقرالارنىڭ دۆلەتكە بولغان سادىقلىقى، سۆيگۈسى ۋە غۇرۇرىغا، «بىز بۇ دۆلەتنىڭ مىللىتى» دېگەن ئورتاق تۇيغۇ، ۋىجدانىي ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقتىن، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بولسا ئىدىيە، پىكىردە بىرلىككە كېلىش، پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى سايلاپ چىقىشتا بىرلىككە كېلىش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقىي سىياسەتلىرىگە ئۇملۇك كۈچى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئىلمىشۇناسلار بىر دۆلەتتە بىرلا تىل ۋە بىرلا مىللەتنىڭ بولۇشى بۇ دۆلەتنىڭ دېموكراتىك سىستېمىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا بەكمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە دۆلەت مىللىتى بولغان پۇقرالار يەنى ئۇلۇس ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسىتىنى ئۇلار ھەممىسى چۈشىنەلەيدىغان ئورتاق تىلدا بىر تەرەپ قىلغىنىدا. بۇ دۆلەتنىڭ سىياسىتىدىن دۆلەت خەلقىنىڭ ھەممىسى تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرالايدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى بىر ئورتاق دۆلەت كۈلتۈرىگە ئىگە خەلق ئوخشاش تىلدا سۆزلىشىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلۇس بىر سىياسىۋى ئۇقۇم، سىياسەت بولسا تىل ئارقىلىق تۈزۈلىدۇ دەپ قارايدۇ. (Kymlicka, 2001)

. بۇ بۆلۈمدە تىلغا ئېلىنغاتقان ئۇلۇسچىلىق كىشىلەرنى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى ئويناليالايدىغانلىقتىن، ئۇيۇشۇش بولسا بىر بىرىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆز - ئارا يار — يۆلەكتە بولۇش ۋە ھۆرمەت قىلىش ئېھتىياجىنى تۇغدۇرۇپ، دېموكراتىيەنى كۈچلەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ كېسىپ

---

[21] بۇ يەردە كوزدە تۇتۇلغان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شەخسنىڭ ياكى ئوز ئەركىنلىكىگە ئېرىشمەكچى بولغان مىللەتلەرنىڭ قارارىبېرىش ھوقۇقىنى كورسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىسلام دىنىدىكى ئىنسان ئوز تەغدىرىنى ئوزى بەلگىلىيەلمەيدۇ چۈشەنچىسى بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى بەزىلەر ئەگەر بىز ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلىيەلىسەك نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ مۇستەقىل بولۇپ كەتمىدى؟ دېگەن سوئالنى قويۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شەخس ياكى مىللەتنىڭ پۈرسەتلەر ئالدىدا قايسى يولنى تاللاشقا قارار بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ تىنچلىق بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشىش پۇرستى كەلگەندە بارلىق شەرت - شارائىتلارنى دەگسەش ئارقىلىق، مۇستەقىللىقنى ياكى ئاپتونومىيەنى ۋە ياكى باشقىلار بىلەن باراۋەر ھەق ھوقۇقتا ئېرىشىپ ياشاشنى تاللىشىنى كورستىدۇ. ۋە يەنە مەسىلەن بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىدا باشقىلارنىڭ كونتروللۇقى، باشقىلارنىڭ قارارى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەركىن قارار بېرىش ھوقۇقىنى كۆرستىدۇ. ھەرگىزمۇ بىر شەخسنىڭ ياكى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئەگەر خالىسا شەرتسىز، توسالغۇسىز ئۆزگەرتەلەشتىن ئىبارەت ئىلاھى كۈچنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا خىتاي ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئوخشاش بىرلا مىللەتتىن تەركىپ تاپقان يەنى ئېتنىك مىللەتچىلىكنى ئاساس قىلغان ئۇلۇسچىلىقى ئەسلىدىنلا كۈچلۈك بولۇپ ئۆملىكى ئاسان ئىشقا ئاشىدىغان، ئەمما دېموكراتىك بىر سىستېمىسى بولمىغان دۆلەتلەردىكى ئۇلۇسچىلىقنىڭ دېموكراتىيەدىكى رولىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟ بۇ دۆلەتلەردىكى سىستېما دېموكراتىك بولمىغانلىقتىن، ئۇلۇسچىلىقنىڭ دېموكراتىيەنى كۈچلەندۈرۈشكە يول قويمايدۇ. ھۆكۈمرانلار بۇ دۆلەتلەردە ئۇلۇسچىلىقنى دېموكراتىيە ۋە باراۋەرلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېڭەيمىچىلىك ئۈچۈن، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ دىكتاتۇر سىستېمىسىنى سادىقلىق بىلەن قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. چۈنكى مىللەتچىلىك ياكى ئۇلۇسچىلىق گەرچە دېموكراتىيەگە تەسىر كۆرسەتسىمۇ ئۇنى بەرپا قىلغۇچى كۈچ ئەمەس ئەلۋەتتە. شۇنداقلا ئۇلۇسچىلىقنىڭ كۈچى بولماي تۇرۇپ، دېموكراتىيەمۇ بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن ئەركىن ( لىبىرال ) دۆلەتلەر بىرلا ئېتنىك مىللەتتىن تەركىپ تاپمىغان تەقدىردىمۇ، بارلىق گىراژدانلارغا باراۋەر ھوقۇق بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى، ئەخلاقىي قىممىتىنى ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق، شۇنداقلا يەنە يېڭى دۆلەت گىراژدانلىرىنى ئۆز خەلقى بىلەن ئوخشاش كۆرۈش ئارقىلىق بارلىق مىللەتلەرنى بىر مىللەتكە زورلۇق بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلماي تۇرۇپمۇ دۆلەتكە سادىق بولغان ئۇلۇسنى يارىتالايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر خىل مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان بىر ئۇلۇس دۆلىتى، بىر ئالاھىدە مىللەت مىللەتچىلىگى بىلەن باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، مىللەتلەرنى بىر ئوخشاش كۈچكە ئايلاندۇرىۋېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەت ئارقىلىق دېموكراتىيەنى كۈچلەندۈرەلەيدۇ. غەربتىكى كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلەتلىرى دەل ئەنە شۇنداق بولۇپ، ئۇلار ئادالەت ۋە قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش ئارقىلىق، خەلقنىڭ دۆلەتكە بولغان ھۆرمىتى، ئىشەنچى ۋە ساداقىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ سادىقلىق بولسا ئۇلۇس مىللەتچىلىكنى كۈچلەندۈرگۈچى ئامىلدۇر. بىز بۇ بۆلۈمدە نىمە ئۈچۈن بىر دۆلەتتىكى دېموكراتىيەنىڭ ئۇلۇسچىلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا توختالدۇق ؟ چۈنكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللەتچىلىكى مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇپ دۆلەت قۇرۇشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقى ئۈچۈن قانداق بىر دۆلەت قۇرۇشنىمۇ ئويلىششقا توغرا كېلىدۇ. بىز يۇقۇرىقى بۆلۈملەردە تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ئارقىلىق تىنچلىق ۋە ئادالەت ئورنىتىش ئىدىيىمىزگە توغرا كېلىدىغان، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان خەلقئارالىق سىستېما قوبۇل قىلالايدىغان؛ دۈشمىنىمىزگە قارشى كۈچلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغان سىستېمىدىكى بىر دۆلەتنى قۇرۇشىمىز ئۈچۈن دېموكراتىيەنى ياخشى چۈشىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن باشقا تۈزۈملەرنىڭ پەرقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمىز. مۇسۇلمان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قۇرئاندىكى شۇرا نىڭ دېموكراتىيەنى ئىنسانلارغا قانداق يەتكۈزگەنلىكى كۆرۈۋالايمىز. قۇرئاندىكى شۇرا ئىشلارنى ئۆز - ئارا مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشنى، ئۆز بېشىمچىلىق قىلماسلىقنى، ئۆز ئالدىغا قارار چىقارماسلىقنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ (42:38) بۇ دەل دېموكراتىيەدىكى سايلام بىلەن ۋەكىل تاللاپ بىرلىكتە قارار بېرىشنى، ھەممەيلەننىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا تۈزۈملەر بولۇپمۇ دىكتاتور تۈزۈم بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. دېموكراتىك دۆلەتلەردە سىياسىي ئىنستىتۇتلار، سىياسىي پارتىيەلەر ۋە ھەر خىل گۇرۇپپىلار

سىياسىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ھاكىمىيەتنى مەلۇم كۈچنىڭ كونترول قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ، ھوقۇق تۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆز - ئارا نازارەت قىلىپ، تەڭشەپ تۇرغىلى بولىدۇ. ھازىرقىي زامانىۋىي دېموكراتىك تۈزۈم گەرچە تىپىك تولۇق دېموكراتىيەگە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، ئەمما باشقا تۈزۈملەردىن تۆۋەندىكىدەك پەرقلىنىدۇ:

1. ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرى ۋە سىياسەتلىرىنى چىقىرىدىغان ئەمەلدارلار سايلام ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

2. ئەمەلدارلار داۋاملىق دېگۈدەك ئادىل سايلام ئارقىلىق تاللىنىپ ۋە شاللىنىپ تۇرىدۇ، سايلامدا كىمگە ياكى قايسى تەرەپكە ئاۋاز بېرىش سايلىغۇچىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ.

3. قانۇندا بەلگىلەنگەن سايلام يېشىغا يەتكەن بارلىق پۇقرالارنىڭ ئەركىن سايلاش- سايلىنىش ھوقۇقى بولىدۇ.

4. قانۇندا بەلگىلەنگەن سايلام يېشىغا يەتكەن پۇقرانىڭ سايلام گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، سايلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

5. پۇقرالارنىڭ ئۆز پىكرىنى ھېچقانداق توسالغۇ ۋە بېسىمغا ئۇچرىمىغان ھالدا ئاشكارا بايان قىلىش، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەنقىدلەش، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىجتىمائىيي ۋە باشقا تۈزۈملىرىنى قارارلىرىنى ۋە ياكى ئىدولوگىيەسىنى تەنقىتلەش ھوقۇقى بولىدۇ.

6. پۇقرالارنىڭ ھەرخىل مەنبەلەردىن ئۇچۇر ئىگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ

7. يۇقۇرىدا دېيىلگەن ۋە قانۇن ئاتا قىلغان باشقا ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ ئۇيۇشۇش، تەشكىلات قۇرۇش ، سىياسىي پارتىيە ياكى باشقاگۇرۇپپىلارنى قۇرۇش ھوقۇقىي بولىدۇ.

(Dahil, 1982. p.10)

ئەركىن، دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى پۇقرالار ياكى ئۇلۇس گەرچە ئورتاق دۆلەت تەۋەلىكى، ئورتاق بىر ئىدولوگىيە، ئۆزلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە بوي سۇنۇشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلىدىغان قانۇنلار، شۇنداقلا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ھۆرمەت قىلىدىغان كەڭ قوساق قىممەت قارىشى بىلەن ئۇيۇلۇك شەكىللەندۈرسىمۇ، بۇ ئۇيۇلۇك شەرق دۆلەتلىرىدىكىدەك بىر جامائەت شەكلىدە كۈچلۈك بىر باغنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. كىشىلەر بىر بىرىدىن يىراقلىق ھىس قىلىدۇ. ئۇرۇق — تۇققانلار، پەرزەنتلەر ۋە خوشنا - خولۇملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت، بېقىنىشچانلىق بولمايدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى جەمئىيەت ئەركىنلىكى ھەر بىر شەخسكە باشقىلارغا تايىنىپ قالماي، ئۆز ئالدىغا ياشىيالايدىغان پۇرسەتنى ياراتقان بولۇپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىنىڭ ئۆزىلا ئاجرىشىش نىسبىتىنى

كۆپەيتىۋەتكەن. چۈنكى ئاياللار ئۆز ھوقۇقىنى قوغدىيالايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىدىغان ئەر بىلەن داۋاملىق ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ. بالىلارمۇ 18 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئىشلەش ياكى دۆلەتتىن ياردەم ئېلىش، داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقتىن، ئاتا - ئانىسىنىڭ كونتروللۇقىدا ياشاشنى خالاپ كەتمەيدۇ ۋە ئاساسەن دېگۈدەك ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدۇ. داۋاملىق خىزمەت ئالماشتۇرۇش، بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا كۆچۈش پۇرسىتى يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئىش ئورنىدىكى باشلىقىغا ياكى خىزمەتداشلىرىغا بېقىنىپ قالمايدۇ. شەھەر ۋە دۆلەت ئاتلاپ كۆچۈش ئەركىنلىكى بولغانلىقتىن كىشىلەر داۋاملىق تۇرالغۇلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئوخشىمىغان شەھەرلەرگە كۆچۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشمىغانلىقتىن، مەھەللە جامائەتچىلىكى بىر بىرى بىلەن توپلۇشۇپ كوللىكتىپ شەكىلدە ياشاش ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا تام خوشنىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن كىشىلەر ئىنتايىن ئەركىن بولۇپ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشالمايدۇ، ئەمما بۇ ئىنسانلارنى بىر بىرىدىن ئۇزاقلاشتۇرىۋەتكەن ئامىللاردۇر. بۇ بالىلار ئاتا - ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەتمەيدىغان، ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭ بىر بىرىگە مېھرى يوق، ئەنئەنە ۋە ئائىلە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلمايدىغان، خۇلۇم - خوشنىلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن كارى يوق، سوغۇق ۋە زېرىكىشلىك بىر مۇھىتنىمۇ پەيدا قىلدى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ مىللەتلىك، ئەركىن، دېموكراتىك بىر ئۇلۇس دۆلىتى قۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئەنەنىسى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنى، كۈلتۈرى ۋە ئەخلاقىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن؟ باشقىلارنىڭ شەخسى ئەركىنلىكىگە ئارىلاشماسلىق، كۆچۈش ئەركىنلىكى، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تايىنىش ۋە قارار بېرىش ھوقۇقى، پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىق دېموكراتىك قىممەت قاراشلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خوشنا — خۇلۇمچىلىق، جامائەتچىلىك، ئۇرۇق - تۇققاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سۇسلىشىپ كېتىشى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆملۈك ئاساسىدا شەكىللىنىدىغان مىللەتچىلىككە تەسىر يېتىشى ۋە بۇ مىللەتچىلىك بولمىغان تەقدىردە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ سۇسلاپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەگەر ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشسە ، دۆلەتنىڭ قەدرى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتتىن ئەڭ كۆپ ئۆتۈلگەن خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرالايدۇ دەپ ئىشىنىمىز ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ يەنىلا، دۆلەتنىڭ ئۆز تارىخىنى ئەۋلاتلارغا قانداق سىڭدۈرۈشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قانداق يېتىلدۈرۈشى بۇنىڭ ئۈچۈن بېكىتىلگەن قانۇن — تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. گەرچە ئەركىن دېموكراتىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە، ياشاش ئادەتلىرىگە، كۈلتۈرىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ داۋام قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ قارىساقمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ختاي مۇستەملىكچىلىرى تەرىپىدىن سىڭدۈرىۋېتىلگەن نۇرغۇن ئادەتلەر، كوڭزى ئىدىيىسىدىن سىڭىپ كىرگەن ئاتا - ئانا قانۇن ئالدىدا جىنايەتكار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مۇتلەق بويى سۇنۇش، خەلقنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن مەنپەئەتىنى دەپسەندە قىلغان تەقدىردىمۇ، پۇقرا ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا بويى سۇنۇش

دېگەندەك قىممەت قاراشلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە تازىلىنىپ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەركىن دېموكراتىيەدە ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت، ئەمەلدار بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەنئەنىسىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە تېپىۋېلىشى مۇمكىن. ئەركىنلىك بولسا ئۇلارنىڭ نىملەرنى شاللاپ، نىملەرنى قوبۇل قىلىشىغا يول ئېچىشى مۇمكىن.

مەيلى قانداق شەكىلدىكى دۆلەت قۇرۇشقا توغرا كەلمىسۇن، ئۇلۇسچىلىق ئىدىلوگىيىسى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئەمما شەرقىي تۈركىستان خەلقى، مەيلى ئۇيغۇر ياكى قازاق بولسۇن ۋە ياكى باشقىسى بولسۇن تار مىللەتچىلىكنىڭ ئاشقۇن شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، چۈنكى بۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ ئېتنىك ئاشقۇن مىللەتچىلىكىدىن پەرقلەندۈرىدىغان، دۇنيا خەلقىنىڭ قوللىشىنى خىتايغا قارشى بىز تەرەپتە تۇتىدىغان ئىدولوگىيە. خۇددى 1980- يىلى پولشا رۇس ئېتنىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن پولشا مۇستەقىللىقى ئۇلۇسچىلىقنى بىرلەشتۈرگەندەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقى چوقۇم ئىرقچىلىق ۋە خىتاي ئېتنىك مىللەتچىلىگگە قارشى تۇرۇشنى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇسچىلىق، شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ھەق - ھوقۇق ئەركىنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرىشى كېرەك. چۈنكى دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنى قانداق بىر شەكىلدە تونۇشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىگە تەبىر بېرىشىدە، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنيا سەھنىسىگە كىم بولۇپ چىقىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ .

پايدىلانغان ماتىرىياللار:


Dahil, R. (1982). *Dilemmasof Pluralists Democracy*. 1st ed. New Haven: Yale University Press, p.10.

Islamicstudies.info. (n.d.). *Surah Ash-Shuraa 42:30-53 - Towards Understanding the Quran - Quran Translation Commentary - Tafheem ul Quran*. [online] Available at: https://www.islamicstudies.info/tafheem.php?sura=42&verse=30&to=53 [Accessed 14 Aug. 2019].

Kymlicka, W. (2001). *Politics in the Vernacular: Nationalism, Multiculturalism, and Citizenship*. 1st ed. New York: Oxford University Press, p.324.

Karolewslki, P. and Suszycki, A. (2011). *The Nation and Nationalism in Europe: An introduction*. Edinburgh: Edinburgh University Press.

## 6 -بۆلۇم: ئۆلۈسچىلىقنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى رولى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش

ئۆلۈسچىلىق ياۋروپانىڭ سىياسى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئوسمان ۋە هابسبۇرگ قاتارلىق ئىمپىرىيەلەر ئۆلۈسچىلىق ئىدولوگىيەسى تەسىرىدە يىمىرىلىپ، كۆپلىگەن ئۆششاق دۆلەتلەر مەيدانغا كەلگەن ۋە بۇ جەرياندا مىللەتچىلەر ياكى ئۆلۈسچىلار «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» تىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ئەسلىدە ئۆز «تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەڭ دەسلەپ گېرمان تىلىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، گېرمان پەيلاسوپلىرى ئۇزۇن تارىختىن بېرى قوللىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر پرىنسىپ شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان. (Unterberger,1996 )

ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ئاتىسى توماس جېففېرسون ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» نىڭ پرىنسىپ بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنىڭ تۇنجى مىسالى قىلىپ كۆرسەتكەن ۋە مۇستەقىل بولماقچى بولغان دۆلەتلەرگە ھېسداشلىق قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋودروف ۋىلسون لېنىننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى قوللاپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق دۇنيا تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولغان. نەتىجىدە پولشا، بېلوروسىيە، ئوكرائىنا، فىنلاندىيە قاتارلىق كاۋكاز دۆلەتلىرى مۇستەقىللىققە ئېرىشتى .(Unterberger,1996. pp.926-941 ) ئەمما ئوخشاش ۋاقىتتا ۋىلسون دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىدىمۇ چىڭ تۇرغانلىقتىن، ھازىرغىچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بەزىلەر ئۈچۈن ئىشقا يارىسا بەزىلەر ئۈچۈن ئىشقا يارىماي كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش «خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق» دەپ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قانداق خەلقلەر ئىكەنلىكىگە ئېنىقلىما بېرىلمىگەن (Unterberger,1996. pp.926-941)

شۇنداقلا 1960- يىلدىكى خەلقئارا دوستلۇق مۇناسىۋەتلەر شەرتنامىسىدا «ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ كۈچ ئىشلىتىپ باشقا خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ھوقۇقىنى تارتىۋالماسلىق مەجبۇرىيىتى بار » دەپ يېزىلغان. ۋە يەنە 1971- يىلدىكى خەلقئارا دوستلۇق شەرتنامىسىدا دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ھوقۇقىنى پەقەت خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلغان ئەھۋالدىلا كۆتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن[22]. دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى ھۆرمەت قىلىش قانۇنى پەقەت دۆلەت

[22] *Declaration on Principles of International Law Concerning Friendly Relations and Cooperation Among States in Accordance with the Charter of the United Nations*, UNGA Res. 2625 (XXV), 25 UN GAOR, Supp. (No. 28) 121,

بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىلا قارىتىلغان بولۇپ، ئېنىقلىۋاتقان خەلقلەر بىلەن خەلقئارادا دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلمىغان. بۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ 2(4) ماددىسى ئىسپاتلايدۇ (ئىزاھاتقا قارالسۇن)[23]. ئەمما خىتاي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دۆلەتلەر بۇ قانۇننى ئىشلىتىپ مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسىنى دۆلەت زېمىن پۈتۈنلىكىگە تەھدىد سالغانلىق، پارچىلىغانلىق دەپ ئەرز قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى توسۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، سىياسىي ھەق - ھوقۇقلارغا ئېرىشىش مەسىلىسى يەرلىك خەلقلەرنىڭ (indigenous people)ھەق - ھوقۇقلىرى خىتاپنامىسىدا ئېنىق تىلغا ئېلىنغان. ئەمما يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى پەقەت شۇ دۆلەت ئىچىگىلا قارىتىلغانلىقتىن، ئۇلار زېمىنىنى بېسىۋالغان دۆلەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ[24]. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى خىتاپنامىسىغا ئامېرىكا ، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە قول قويمىغان. 1970- يىلى خەلقئارا دوستلۇق شەرتنامىسى دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان ئەزەلدىن دۆلىتى بولۇپ باقمىغان ئېتنىك مىللەتلەر ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇستەقىل بولۇشىنى بۆلگۈنچىلىك قاتارىغا كىرگۈزۈپ رەت قىلدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا ھەممىلا دۆلەتلەردىكى كۆچمەن مىللەتلەر، يەرلىك خەلقلەر، قەبىلىلەر، ئاز سانلىق مىللەت ياكى تىلى ئوخشىمىغانلا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولىمىز دەپ ئەرز قىلىشى ۋە تۈگىمەس جېدەللەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپلىرى ئەڭ ئاۋال ب د ت نىڭ قارارى ۋە خەلقئارا سوت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغانلىقتىن، خەلقئارا دوستلۇق شەرتنامىسى قارارى كۈچكە ئىگە بولدى .

ياۋروپانىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا يۈرگۈزگەن كېڭەيمىچىلىكلىرى ئاشقۇن مىللەتچىلىكنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەنلىكتىن، « ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» مەسىلىسى ياۋروپانىڭ ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى مەنپەئەتلىرى

---

UN Doc. A/8028 (1971): ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى باھانە قىلىپ ، خەلقلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە دولەتلەرنىڭ سىياسىي مۇستەقىللىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە دەخلى تەرۇز يەتكۈزمەسلىك..

[23] *Charter of the United Nations*, Can. T.S. 1945 No. 76; 59 Stat. 1031, T.S. 993. Signed at San Francisco on June 26, 1945.

بۇ قانۇننىڭ 2-ماددىسىنىڭ 4- تارمىقىدا « بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دولەتلەر خەلقارا مۇناسىۋەتتە بىر بىرىنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلىگىگە ۋە سىياسىي مۇستەقىللىقىغا تەھدىد ۋە كۈچ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك.» دەپ بەلگىلەنگەن

[24] Un.org. (2007). [online] Available at: https://www.un.org/development/desa/indigenouspeoples/wp-content/uploads/sites/19/2018/11/UNDRIP_E_web.pdf [Accessed 20 Jul. 2019].

( يەرلىك خەلقلەر ھەق –ھوقۇقلىرى خىتابنامىسىنىڭ 3- ، 4 –ماددىلىرىغا قارالسۇن)

بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، 1918 - يىلدىن 1945 – يىلغىچە بۇ يەرلەرگە كېڭەيمەسلىكنى ۋە ياۋروپا بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى (Alter, 1994. p.19)

1945 – يىلغا كەلگەندە «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر قانۇنىنىڭ 1- ۋە 55 - ماددىلىرىدا رەسمىي شەكىلدە تونۇلۇپ تىلغا ئېلىندى . (Un.org,1945)

گەرچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېنىقسىزلىقلار ۋە زىتلىقلار مەۋجۇت. «باشقىلارنىڭ قول ئاستىدىكى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئېتنىك توپلۇملارنىڭ ھەممىسى گەرچە بۇرۇن دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ياكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىش ھوقۇقىغا ئىگىمۇ؟ ياكى بۇ پەقەت ئىلگىرى دۆلەت بولغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان، مۇستەملىكە قىلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولمىغان ئېرق ۋە ئېتنىك توپلۇم سۈپىتىدە زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلارغىلا قارىتىلغانمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە، 1970- يىلدىكى دوستلۇق شەرتنامىسىدىكى ئېنىق رەت قىلىنىشقا قارىتا تالاش - تارتىش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان، ئۇلۇس دۆلىتى بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا بېسىۋېلىنغان ئېتنىك توپلۇملارنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بويىچە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى .

ئىلگىرى بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق دۆلەت قۇرۇشى ئېتنىك مەدەنىيەتنى ئاساس قىلغان دۆلەت قۇرۇش دەپ قارالغان ئىدى. ئەمما، ھەر خىل تىلدە سۆزلەيدىغان كۆپ خىل ئېتنىك توپلۇملارنىڭ ئوخشاش تېررىتورىيەدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىر ئېتنىك گۇرۇپپىلا ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى ئېتنىك توقۇنۇشقا سەۋەب بولىدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، ئېتنىكلىقنى ئاساس قىلغان مىللەتچىلىك دۇنيا خەلقى تەرىپىدىن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. دۇنيادىكى ھەر بىر تىلدا سۆزلەيدىغان ھەممە ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، نۇرغۇن تېررىتورىيەلەردە ئېتنىك توپلۇملارنىڭ جۇغراپىيىسى بىر بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئېغىر قان تۆكۈلۈشكە سەۋەبچى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەر بىر ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا قارىتىلغىنىدا، پەقەت تارىختا دۆلىتى بولغانلارلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە ياشاۋاتقان كۆچمەن ئېتنىك مىللەتلەرمۇ بۆلۈنۈپ چىقىپ دۆلەت قۇرۇش جېدىلىنى قىلاتتى( Tamir, 1994. p.62)

فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بىر تۈتاش دۆلەت ۋە مائارىپ سىستېمىسى تۇرغۇزۇلۇپ، شەخسلەرنىڭ يەنى پادىشاھلارنىڭ ياكى دىنىي ئەربابلارنىڭ قىسقىسى ئاز سانلىق بىر يۇقۇرى تەبىقە سىنىپىنىڭ

كۆپ سانلىقنى كونترول قىلىشقا خاتىمە بېرىلىپ، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك تەرغىپ قىلىنىدىغان دېموكراتىيە ياكى ئەركىن مىللەتچىلىك مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى ئۇلۇسچىلىق ئىدى. ئۇلۇسچىلىق مىللەتنىڭ ئەسلىدىكى ئېتنىك تارىخى يىلتىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىغانلىقتىن، ئۇلۇسچىلار دۆلەت قۇرۇشنى ئېتنىك ۋە شۇ ئېتنىكنىڭ تىلىغا باغلاپ، ئوخشاش تىل ۋە ئوخشاش ئېتنىك كىملىكىگە ئىگە ئېتنىك گۇرۇپىنىڭ ئۆز تېررىتورىيەسىدە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا دۆلەت قۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەمما بۇ دېموكراتىك ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسى بىلەن توقۇنۇشىدىغان بولۇپ، ئۇ ھالدا شۇ تېررىتورىيەدىكى بۇرۇن دۆلىتى بولۇپ باقمىغان باشقا ئۇششاق ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ بۇ دۆلەتتىكى ھوقۇقى، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە گىراژدانلىق مەسىلىسىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە توغرا كىلەتتى.

ياۋروپا ئەللىرى فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن، خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشى ئۈچۈن تىل جەھەتتە بىرلىككە كېلىنمىسە بولمايدىغانلىقنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئەڭ بۇرۇن ئەنگلىيە مىللەتچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىرلىككە كەلگەن تىل قىلىپ كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. فرانسۇز ۋە گېرمان مىللەتچىلىكىمۇ فرانسۇز ۋە گېرمان تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك يىلتىزىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋالدا شۇ دۆلەتتە ياشاۋاتقان فرانسۇز بولمىغان، گېرمان بولمىغان، يەنى دۆلەتكە تەۋە تېررىتورىيەنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى چەتكە قېقىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە كىملىكى ئاسسىمىلاتسىيەگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر بۇ دۆلەت كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان بىردىن ئارتۇق تىلنى دۆلەت قىلماي، كۆپ مەدەنىيەتلىك دۆلەت سىستېمىسى قۇرماي، بىرلا تىلنى دۆلەت تىلى قىلىپ، بىرلا ئېتنىك مىللەت ھۆكۈمران بولىدىغان دۆلەتنى قۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ ھالدا باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى[25].

بۇنداق بولغىنىدا، ئۇلۇسچىلىق ئىدولوگىيەسىدە ئېتنىك يىلتىز ۋە تىلنى ئاساس قىلىپ دۆلەت قۇرۇش بولسا ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت دېموكراتىيەنىڭ تۈپ پرىنسىپىغا زىت كىلەتتى. فرانسىيەنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 1960- يىللاردىن تارتىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن كىرگەن كۆچمەنلەرگە ھەققى گىراژدانلىق مۇئامىلىسى قىلىش ۋە ئۇلارنى فرانسىيە دۆلەت كىملىكىگە تەۋە دەپ قاراش مەسىلىگە كەلگەندە، فرانسۇزلار بۇنى رەت قىلدى. 1980- يىللارنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيەدە ھەتتا كۆچمەنلەرگە بولۇپمۇ ئالجىرىيەلىك مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، ئۇلارنى چەتكە قېقىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. (Kellas, 1998. p.37)

كانادا بولسا دۆلەت تىلىدا، ئىنگلىز تىلى بىلەن كۈېبېكتىكى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان فرانسۇزلارنىڭ تىلىنىمۇ تەڭ دۆلەت تىلى قىلىپ ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، كۆپ مەدەنىيەت تۈزۈمىنى قوللۇنۇپ، بارلىق

---

[25] شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە سىياستى بىلەن ياۋروپا ئەللىرىدىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئۇششاق مىللەتلەرنى ئاسسىمىئالتسىيە قىلىش سىياستى ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرىۋېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلىتىنى يوقۇتۇۋېتىپ، شۇ تېررىتورىيەنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلانى ئاسسىملاتسىيە قىلماقچى . خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ تېررىتورىيەنىڭ ئىگىللىرى ئەمەس. ئەمما ياۋروپادىكى فرانسىيەگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ ئۆز دولىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىملاتسىيە قىلىشقا ئۇرۇنۇشى گەرچە ھەقسىزلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر شۇ تەرىتورىيەنىڭ ئەسلى ئىگىللىرى ئەمەس.

كۆچمەن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز تىلىنى، دىنىنى، ئۆرپ — ئادەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتى بېرىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە ئېنگىلىز ۋە فرانسۇزلارنى ئاساس قىلغان ئېتنىك بىر دۆلەتنىڭ ئەركىن، باراۋەر بولغان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ مەدەنىيەتلىك تۈزۈم ئاستىدا تەرەققىي قىلىشىنى يولغا قويۇپ، ئېتنىك توقۇنۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئەمما خىتايغا ئوخشاش مۇستەملىكچى دۆلەتلەر مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنىنى تولۇق كونترول قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بېسىۋالغان زېمىندا ئېتنىك ( ethnocide) ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ( genocide) يولغا قويۇپ، قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق دۇنياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقتىن، دۇنيا تېنچلىقىغا ئىنتايىن چوڭ تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «ئۇيغۇرستان» نامىدىكى قانداقتۇ تار ئۇيغۇر ئېتنىك مىللەتچىلىكى ئاساسىدىكى ئۇلۇس دۆلىتى ئەمەس بەلكى خىتاينىڭ ئاشقۇن خىتاي ئېتنىك مىللەتچىلىك ئىدولوگىيەسىگە تۈپتىن قارشى بولغان باراۋەرلىك، تىنچلىق، ئادالەت ۋە دېموكراتىيەنى تەرغىپ قىلىدىغان ئىدولوگىيەنى ئاساس قىلغان، پەقەت ئۇيغۇر خەلقىگىلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتى قۇرۇش نىشانىغا قاراپ مېڭىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنىي كۈچ ئىشلىتىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا ئېلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت خەلقلەرنىڭ قۇتۇلۇش يولى پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنىڭغا ئۆز سىياسىي تەقدىرىڭنى قانداق شەكىلدە بەلگىلەشنى خالايسەن دەپ سۇنۇلىدىغان بىر تاللاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇستەقىللىق يولىدىكى كۆرەشلىرىمىزدە سەۋەب، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە پۇرسەتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسە ئىنتايىن مۇھىم. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق شەكىلدىكى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى خىتايدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، مۇستەقىل ياشاش خىتاينىڭ كونتروللۇقىدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇش ئارزۇسىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكىدىكى ئىنتايىن چوڭ ۋە يېتەرلىك سەۋەب. ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولسا ئەلۋەتتە بىز تەرغىپ قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مۇستەقىللىق، باراۋەرلىك، ئادالەت ۋە دېموكراتىيە ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق، خىتاي كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇپ، دۇنيا تىنچلىقىغىمۇ ھەسسە قوشۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك نىشاندۇر. چۈنكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىي ئۆزلىرىدە ئەنە شۇ مۇستەقىللىق نىشانىنى زەھنىيەتنى ۋە بۇ زەھنىيەتكە ئەگەشكەن ئەمەلىيەتنى تاييارلىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن ئاللاھتىن بىر پۇرسەت بېرىلگەن ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت ئۇلارغا تارىخنىڭ ھەممىتىنى سۇنغاندا، ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ .

ئۇنداقتا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش خەلقلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قايسى شەكىلدە كونترول قىلىشىنى تاللاش دەپ قارىغىنىمىزدا، بېسىۋېلىنغان زېمىنلارنىڭ خەلقئارا قانۇنىدىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بويىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشى قانۇنىي ھوقۇق مەسىلىسىمۇ ياكى سىياسىي پرىنسىپمۇ؟ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى

بەلگىلەش ئارقىلىق مۇستەقىللىق ئېلان قىلىش قانداق ئەھۋاللارغا قارىتىلغان ؟ نىمە ئۈچۈن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ئارقىلىق مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر شۇنچە ئاز ؟ بۇنىڭدا قانداق توسالغۇلار بار ؟

«ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» 19- ئەسىردە مىللەتچىلەر تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مۇستەملىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقتىن، مۇستەقىللىق ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ تىلى، ئېتنىك كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى ئەمەس، بەلكى مۇستەملىكە قىلىنغان، تېررىتورىيەسى باشقا بىر دۆلەت تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنىي بويىچە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بالتىق دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشى ۋە شەرقىي تىمورنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىنى بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. (Heraclides, 1992. pp.402-404)

ئەمما، بالتىق دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغان ئەھۋالدا ئىشقا ئاشقان بولسا، شەرقىي تىمورنىڭ مۇستەقىللىقى بولسا 1998 – يىلىغا كەلگەندە ھىندونوزىيەنىڭ مۇستەبىت پرېزدېنتى سۇخارتو رەسمى يىقىلغاندىن كېيىن، يېڭى پرېزدېنتىنىڭ شەرقىي تىمور مۇستەقىللىقنى رەت قىلماسلىقى ئاستىدىلا ئېتىراپقا ئېرىشەلىدى. ھىچقاچان، ھىچقانداق سەۋەبسىز، پۇرسەتسىزلا ئويىدە جىم ئولتۇرغان خەلقلەر بىر ئۇخلاپ قوپۇپلا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنىي بويىچە مۇستەقىل بولۇپ قالغىنى يوق. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مۇستەملىكە قىلىنغان زىمىنلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ھازىرغىچە، بىرمۇ دۆلەت بېسىۋېلىنغان دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش بويىچە شەرتسىز ھالدا، ھىچقانداق توسالغۇسىز مۇستەقىل بولغىنى يوق. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەتتا بۇرۇن دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان كۇرد قاتارلىق نۇرغۇن ئېتنىك گۇرۇپپىلارمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنى بويىچە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش كاتىگورىيەسىگە كىرىدىغان خەلقلەرنى بۇرۇن ئۆز ئالدىغا ئۇلۇس بولغان زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان خەلق، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئېتنىك گۇرۇپ، بىر قىسىم ھوقۇقلىرى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئەسلىدىكى مۇستەقىل ئۇلۇسلۇقتىن مەھرۇم قالغان خەلق، ۋە بىر قىسىم ھوقۇقلىرى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئېتنىك گۇرۇپتىن ئىبارەت 4 تۈرگە كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ(p.409 .1992 ,Heraclides). ئەمما، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ۋە ياكى قىسمەن زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان، ئەسلى ئۇلۇس بولۇپ باققان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاش خەلقلەردىن باشقىلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنى بويىچە مۇستەقىللىققا ئېرىششى بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈمى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئەسلىدىلا ئۇلۇسچىلار تەرىپىدىن مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەپ ئۇلۇس دۆلەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن (بۇ يەردىكى مىللەت ئۇقۇمى ئەلۋەتتە بىر ئېتنىك توپلۇم ياكى گۇرۇپنى ئەمەس بەلكى دۆلىتى بولۇپ باققان ياكى دۆلەت قۇرۇپ ئۇلۇس شەكىللەندۇرۇپ باققان

ئېتـنىكلارنىلا كۆرسـىتىدۇ). شـۇنداق بولغـانلىقتىن، بىرلەشـكەن دۆلەتــلەر تەشـكىلاتىنىڭ تۈزۈملىرىــدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىـلەش پەقەت دۆلىتى بولغـان، بېسـىۋېلىنغان خەلقلەرنىڭلا مۇستەقىللىقىغا ياكى يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىش ئاپتونومىيە هوقۇقىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەزەلدىن دۆلىتى بولۇپ باقمىغـان، ئۇلـۇس بولـۇپ باقمىغـان ئېتنىكگۇرۇپپىلارنىـڭ ئېتنىـك پەرق تۈپەيلىـدىنلا ئايرىلىـپ چىقىـپ يېڭىـدىن دۆلەت قۇرماقچى بولۇشى قارشى ئېلىنماي كەلمەكتە (Heraclides, 1992. p.410 ). ئەلۋەتتە، ئەگەر ئۇلار زۇلۇمغـا ئۇچراۋاتقــان بولســا، پەقەت ئۇلارنىــڭ هەق - هوقــۇقلىرىنى قوغداشــنى قــوللاش تەلەپ قىلىنىــدۇ. شـۇنداقتىمۇ ئۇيغۇرلارغـا ئوخشـاش ئەسـلىدە دۆلەت قۇرغـان ۋە كېيىن مۇسـتەملىكە قىلىنغـان خەلقلەرنىـڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىـلەش بويىچە مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىدا مۇرەككەپ توسالغۇلار مەۋجۇت. بۇنىڭدىكى مەسىلە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل:

●ئۇلارنىـڭ خەلقـئارا سـوتتا بىرىنچىـدىن، ئۆزلىرىنىـڭ ئەسـلىدە مۇسـتەقىل دۆلەت ئىكەنلىكى، ئىككىنچىـدىن، مۇسـتەملىكە قىلىنىــپ بېسـىۋېلىنغان زېمىــن ئىكەنلىكىنــى ئىسـپاتلاپ چىقىشــىنىڭ توســالغۇغا ئۇچرىشــى، پاكىتلارنى تولۇق قولغا چۈشۈرەلمەسلىكى؛

●بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشـكىلاتىدىكى «دۆلەتلەرنىـڭ ئىچكى ئىشـىغا ئارىلاشماسـلىق» قانۇنىنىـڭ ئۇلارنىـڭ ئۆزىنىـڭ بـۇرۇن دۆلەت ئىكەنلىكىنـى ئىسـپاتلاپ بېرەلمىگەنلىكىنـى باهـانە قىلىـپ، ئۇلارنىنىـڭ مۇسـتەقىللىق كۈرىشىنى باشقىلارنىڭ دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيەسىدىكى ئىچكى ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى؛

●مۇســتەملىكچى دۆلەتنىــڭ كۈچلــۈك بولۇشــى ۋە بىرلەشــكەن دۆلەتــلەر تەشــكىلاتىنىڭ قــانۇنىنى كــۆزىگە ئىلماسلىقى .

چۈنكى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىـلەش بىـر سىياسى پرىنسـىپمۇ ياكى قانۇنىي هوقۇقمۇ دېگەن مەسـىلە ئېنىـق ئەمەس بولۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ مەسىلىگە سىياسىي پرىنسىپ شەكلىدە مۇئامىلە قىلىـپ كېلىۋاتقانلىقى مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ :

1. بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشـكىلاتىنىڭ ئاساسـىي پرىنسـىپلىرى ئەڭ ئاۋال بىرلەشـكەن دۆلەتـلەر تەشـكىلاتى قارارلىرى ۋە خەلقـئارا سـوت  ئارقىلـىق ئوتتۇرىغـا قويۇلـىدۇ. مەسـىلەن 1970- يىلـدىكى  دوسـتلۇق مۇناسـىۋەتلەر شەرتنامىسـى بېسـىۋېلىنمىغان يـاكى مۇسـتەملىكە قىلىنمىغـان زېمىنلاردىكى زۇلۇمغـا ئۇچراۋاتقـان ئاز سـانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىشىنى  مەۋجۇت دۆلەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىش دەپ قاراپ رەت قىلدى .

2. 1966 – يىلى ئەمەللەشكەن ئومۇمىي ئىنسان ھەقلىرىنى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىنسان ھەقلىرى ھەققىدىكى خەلقئارالىق توختاملارغىچە كېڭەيتتى .

3. گەرچە زېمىنى بېسىۋېلىنغان دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھوقۇق « مەۋجۇت دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيە پۈتۈنلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش بولىدۇ، بۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ» دېگەن گەپ بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ.

(Taras and Ganguly, 2011. pp.51-52)

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار گەرچە ۋەتىنى خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان، ئەسلىدىكى ئۇلۇسلىقىنى مۇستەملىكە ئاستىدا قېلىش بىلەن يوقاتقان بىر ئېتنىك مىللەت ھېساپلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسىدە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى خىتاينىڭ خەلقئارا قانۇندىكى « دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق »[26] ھوقۇقىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەۋاسى ھەقلىق دەۋا ۋە خەلقئارا قانۇندىكى « ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ئېنىقلىمىسىغا شەرتسىز چۈشىدىغان دەۋا بولغانلىقتىن، ئەگەر خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» قانۇنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ قانۇن ئارقىلىق توسقۇنلۇق قىلماقچى بولسا، ئۇ ھالدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ « ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» قانۇنىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشى كېرەك بولغان بولىدۇ. چۈنكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ئىشى ھېساپلىنىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە باشقىلار ئارىلىشىپ توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. ئەمما شەرقىي تۈركىستان بىر دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنمىغانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستان «دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» پرىنسىپىغا چۈشمەيدۇ. دەل مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستان ئىسمىلىك بىر دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدىن، بۇ دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دۆلەت ( colonized country) دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيدۇ .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، « ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» ئۇقۇمىنى سۆز مەنىسى بويىچىلا قوبۇل قىلىپ چۈشىنىۋېلىش بىلەن، ئۇنى خەلقئارالىق ۋەزىيەت، قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ بېجىرىلىش مۇمكىنچىلىكى، تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللار قاتارلىقلارغا باغلاپ چۈشىنىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوخشىمىغان چۈشىنىشنى ئايرىۋەتمەسلىك نەتىجىسىدە، ئالدى بىلەن بۇ ئۇقۇمغا بولغان چۈشەنچە تېخىچە

[26] بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق ب د ت نىڭ دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى شەرتنامىسى قانۇنىنىڭ 1- ۋە 3- ماددىلىرىدا ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، 1949 – يىلى خەلقئارا قانۇن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ قانۇندا ئۆزىنى قوغداش، تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكتىن باشقا ئەھۋاللاردا بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتكە قوراللىق كۈچ ئىشلىتىپ ئارىلىششى چەكلەنگەن.

ئېنىق ئەمەس. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دېگەن بۇ ئۇقۇم ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئارىلىشالماسلىقى، باشقىلارنى ئارىلاشتۇرماي ئۆزى قارار بېرىش دېگەن مەنا چىقىدۇ. لېكىن بىر تەرەپ باشقا تەرەپلەردىن مۇستەسنا ھالدا ئۆز ئالدىغىلا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدىغانلىقتىن، بولۇپمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلىگۈچى تەرەپنىڭ قارارى مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلار قارشى تەرەپتىن مۇستەسنا ھالدا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقتىن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ ھەقىقى مەنىدە كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ ( Young, 2004. p.177) .

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش خەلقئارا قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقتىن، قارشى تەرەپنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى ھوقۇقىنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكا، كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق غەرپ دۆلەتلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەر(indigenous people) دېموكراتىك پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش جەھەتتە خېلى كۆپ ھوقۇقلارغا ئېرىشەلىسىمۇ، ئەمما قارشى تەرەپ قېتىلمىغان ئەھۋالدا يەنىلا نۇرغۇن ھوقۇقلىرىغا ئېرىشەلمەيدۇ ياكى مۇستەقىل بولالمايدۇ. خەلقئارا قانۇندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق قانۇنى بويىچە، ھۆكۈمران دۆلەتلەر ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ۋە ياكى كەڭرەك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى توسۇپ قويالايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلىگۈچى خەلقلەر «ئىچكى ئىشقا ئارىلاشماسلىقنى قوللىغان ئىكەنسەن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىمۇ قوللۇشۇڭ كېرەك، ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن رەددىيە بىلەن، گەرچە تولۇق ھوقۇقۇقا ئېرىشەلمىسىمۇ، لېكىن دېموكراتىك پرىنسىپلار بويىچە دېموكراتىك دۆلەتلەردە كۆپلىگەن ھوقۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەمما ختايغا ئوخشاش مۇستەبىت ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدىكى ئىنسان ھەقلىرىگە ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ دۆلەت ئىچىدە ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتەلەيدىغان، قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان تەشكىللىك كۈچى بولمىغاندا ياكى دۆلەت سىرتىدا تۇرۇپ بېسىم قىلىدىغان كۈچى بولمىغاندا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. (Young,2004.p.189 ). لېكىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگۈچى خەلقلەرنىڭ شۇنداق بىر كۈچى بولغان تەقدىردىمۇ، مۇستەملىكچى تەرەپ يەنى مەۋجۇت دۆلەت « دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» قانۇنىنى كۆتۈرۈپ چىققىنىدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگۈچىلەر خەلقئارا سىستېمىدا ئەگەر بىر دۆلەت بولۇپ ئېتىراپ قىلىنمىغان بولسا، ئۇلار باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش «دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق» قانۇنى ئارقىلىق مۇستەملىكچى دۆلەتكە « مېنىڭ ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزەمنىڭ بەلگىلىشىگە ئارىلىشالمايسەن بۇمۇ مېنىڭ ئىچكى ئىشىم » دېگەن تەلەپ بىلەن خەلقئارا قانۇن ئارقىلىق بېسىم قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقى ئۇ تېخى بىر دۆلەت بولمىغىنى ئۈچۈن خەلقئارادا قوغدالمايدۇ (Young, 2004. p.190 ) . ئەمما مۇستەملىكچى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت مۇستەقىل دۆلەتلىك ھوقۇقى « ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق قانۇنى» تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقتىن، بۇ دۆلەت بۇ قانۇننى ئىشلىتىپ، ئۆزى مۇستەملىكە قىلىۋالغان دۆلەتنى

ئۆزىنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئىچكى مەسىلە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقىغا خەلقئارانىڭ ياردەم قىلىشىنى توسۇپ قويالايدۇ. مەسىلەن ئامېرىكىدىكى ئۇتاھ شىتاتىدىكى گوشۇتەسلار گەرچە ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنىي هوقۇقىغا ئېرىشكەن ۋە يەرلىرىنى ئۆزلىرى ئىشلىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرى پايدىلىنىش هوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا مەركىزى هۆكۈمىتىنى « بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز « دەپ، بۇ هوقۇقلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىقىغا بولمايدۇ(Young, 2004. pp. 190-192 ) .

ئەمما "ئىچكى ئىشقا ئارىلاشماسلىق" بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئېنىق هالدا ئۇچىنچى بىر دۆلەتنىڭ ياكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەلۇم دۆلەتكە قوراللىق ئارىلىششىنىڭ چەكلىنىشىگە قارىتىلغان . (Un.org, 1945)

بۇ دېگەنلىك هەر قانداق بىر ۋاستە ئارقىلىق ئارىلىشالمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بۇ يەردە ئاستىرىتتىن يوشۇرۇن قوللاش ئارقىلىق ئارىلىشىش، دېپلوماتىك ئارىلىشىش، ئىقتىسادىي جەهەتتىن ئېمبارگو يۈرگۈزۈپ ياكى ئىقتىسادىي جازا قويۇپ ئارىلىشىش، ئىنسانى ياردەم ئۈچۈن ئارىلىشىش قاتارلىق هوقۇقلار بار .

ئادەتتە مەلۇم تېررىتورىيەدە ياشىغان ياكى شۇ تېررىتورىيەنىڭ يەرلىك ئىگىسى بولغان ۋە شۇ يەردە دۆلەت قۇرۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ ئۇلۇسى بولغان بارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىگە ئۇچراپ، ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش هوقۇقىدىن مەهرۇم قالغان ئەهۋالدا، كېيىن دەل شۇ تېررىتورىيەدە قايتا تىرىلىشى بولسا چەتئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىگە قارشى مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدىغان تېررىتورىيە ئۇلۇسچىلىقى بولۇپ، بۇ مەلۇم ئېتنىك گۇرۇپنىڭ پەقەت ئېتنىك كىملىكى باشقىلارغا ئوخشىمىغنى ئۈچۈنلا ئايرىم دۆلەت قۇرماقچى بولغىنىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى كېيىنكىسى ئېتنىك مىللەتچىلىك ئارقىلىق بۆلۈنۈپ چىقىش (secession) دەپ قارىلىدۇ. (Karolewski and Suszycki, 2011)

خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تېررىتورىيە مۇستەقىللىق دەۋاسىدىن ئۇيغۇر ئېتنىك مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى، تارىخنى بۇرمىلاپ، شەرقىي تۈركىستان زىمىن ئىگىدارچىلىق مەسىلىسىنى يوققا چىقىرىپ ، ئۇيغۇرلارنى خىتاي دۆلىتىگە تەۋە ياكى كۆچۈپ كېلىپ قالغان بىر ئېتنىك توپلۇم قىلىپ كۆرسىتىشى، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا كېلىشىملىرىدە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق مەسىلىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقانلىقىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئارقىلىق مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىش هوقۇقىنى يېتىم قالدۇرۇش ۋە ھەقسىزلىققا چىقىرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش قانۇنىي ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشكۈچىلەر مۇستەملىكچى دۆلەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراش بىلەن بىرگە، شۇ تېررىتورىيەدىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار مەسىلىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. چۈنكى مۇستەقىل بولماقچى بولغان تېررىتورىيەدە بىرلا ئېتنىك گۇرۇپ بولۇشىمۇ ياكى بىردىن ئارتۇق ئېتنىك توپلۇملار

بولۇشمۇ مۇمكىن. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقي تېررىتورىيە ئىگىلىك ھوقۇقى، تېررىتورىيە بايلىقى، تېررىتورىيە ئىختىسادى ۋە سىياسىتى ،ئېكولوگىيە قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارغا چېتىلىدىغانلىقتىن، ئەگەر بۇ تېررىتورىيەدىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار قوشۇلمىغان ياكى بۇ تېررىتورىيەدە مۇستەقىللىق كۇرىشى قىلغۇاتقان ئوخشاش بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ ئىچىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە قارىتا ئوخشىمىغان سىياسىي تەلەپ، قىزىقىش ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولغان ئەھۋالدا قارشى تەرەپتىكى مۇستەملىكىچى دۆلەت قوشۇلغان بىلەنمۇ يەنىلا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.(Young, 2004. pp.186-187)

پايدىلانغان ماتىرياللار:


Alter, P. (1994). Nationalism: An Overview. In: C. Cozic, ed., *Nationalism and Ethnic Conflict*. San Diego, CA: Greenhaven Press, p.19.

Heraclides, A. (1992a). Secession, Self-Determination and Nonintervention: In Quest of a Normative Symbiosis. *Journal of International Affairs, 45*(2). Retrieved from http://www.jstor.org/stable/24357363 ( Downloaded:  18 june 2019)

Karolewski, I. and Suszycki, A. (2011). *The nation and nationalism in Europe*. 1st ed. Edinburgh: Edinburgh University Press.

Kellas, J. (1998). *The politics of nationalism and ethnicity*. New York: St. Martin's Press, p.37.

Tamir, Y. (1994). Liberal Nationalsim can Benefit Ethnic Groups. In: C. Cozic, ed., *Nationalism and Ethnic Conflict*. San Diego, CA: Greenhaven Press, p.62.

Taras, R. and Ganguly, R. (2011). *Understanding ethnic conflict*. Johanneshov: TPB, pp.51-52.

Unterberger, B. (1996 ). The United States and National Self-Determination: A Wilsonian Perspective. *Presidential Studies Quarterly, 26*(4), 926-941. Retrieved from http://www.jstor.org/stable/27551661

Charter of the United Nations (done at San Francisco, United States, on 26 June 1945) (United Nations [UN]) 892 UNTS 119, 59 Stat 1031, TS 993, 3 Bevans 1153, 145 BSP 805, Ch.I Purposes and Principles, Art.2, (4) [online] Available at: https://www.un.org/en/sections/un-charter/un-charter-full-text/ [Accessed 20 Jul. 2019].

Young, I. (2004). Two Concept of Self Determination. In: S. May, T. Modood and J. Squires, ed., *Ethnicity, Nationalism and Minority Rights*, 1st ed. New York: Cambridge University Press, p.177.

## 7 -بۆلۈم: ئېتنىك كىملىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ يوقۇلۇشى ۋە قايتا تىرىلىش

ئېتنىك كىملىكنىڭ تىرىلىشى ۋە ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئېتنىك توپلۇمغا مۇراجىئەت قىلىمىز، ئەمما بۇ دېگەنلىك پەقەت ئىسمى ۋە قانداشلىقى بىلەنلا بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ يوقاتقان كىملىكىنى قايتا تىرىلدۈرىۋېلىش مۇمكىن دېگەنلىك بولمىسا كېرەك .

ئۇنىڭ ئۈستىگە جىسمىي مەۋجۇتلۇق( ئۆلمەي تىرىك قېلىش) بولغىنىدىلا، ئاندىن ئېتنىك كىملىكمۇ، مىللەتمۇ، دۆلەتمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ قارالغىنىدا، نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئېتنىكلىقى، ئۇلۇس كىملىكى ۋە دۆلىتى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىش، جىسمىي كىملىكىدىن ۋاز كېچەلەش روھىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار جان بېرىش، كۈرەش قىلىش، بەدەل تۆلەشنىڭ ئورنىغا جىسمانىي جەھەتتىكى ئۆلتۈرۈلمەي تىرىك قېلىشنى تاللىسىلا بولاتتىغۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا هايات قېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈرەشلىرىدىن، قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ھەممىسى ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى كۆپ سانلىق مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتسە، شەرقى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارمۇ كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ جازا لاگىرلىرىدا ياتماي خىتاي بولۇپ كەتسىلا بولاتتىغۇ؟ لېكىن رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس، رېئاللىقنىڭ پاكىتلىرى بىزگە «قانداشلىق ۋە ياكى مەلۇم ئېتنىك توپلۇمغا تەۋە كىشىلەرنىڭ جىسمىي (هاياتى) ساقلىنىپ قالغاندىلا، مىللەت ۋە دۆلەت بولۇشىنىڭ ئاساسى بولغان بولىدۇ» دېگەن قاراشنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېتنىك كىملىكىدىن ۋاز كەچمەسلىك، ۋەتىنىدىن، دۆلىتىدىن ۋاز كەچمەسلىك يولىدا جېنىدىن كېچىشىدىن ئىبارەت مىللەتپەرۋەرلىك ۋە ئۇلۇسچىلىق ئىدىيىسى بىلەن زىت كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ .

ئەلۋەتتە بۇ دېگەنلىك ئېتنىكسىز ياكى توپلۇمسىز مەۋھۇم بىر نەرسىدىن ئۇلۇس پەيدا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەمما ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى يوقاتقان ھالدىكى مەۋجۇتلۇقى ياكى پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، باشقا كىملىك ياراتقان ھالدىكى مەۋجۇتلۇقى پەقەت مەجبۇرلۇق ئاستىدىلا داۋام قىلىۋاتقان، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ۋە ئۇنىڭ قايتا تىرىلىشى ئۈچۈن مەلۇم ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر تۈرتكە بولغىنىدا خۇددىي ئاركانزاستىكى يەرلىك مىللەتلەردەك ياكى دانىشلىشىپ كەتكەن نورۋېچلاردەك ئەسلىنى ئىزدەپ قايتا تىرىلەلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مۇمكىنچىلىك يۇقىرى دەرىجىدىكى پۇرسەتكە مۇراجىئەت قىلىدۇ .

ئامېرىكا كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جوين ناگېل (joane nagel) نىڭ «ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى: سىياسەت ۋە مىللىي كىملىكنىڭ تىرىلىشى» ماۋزۇلۇق تەتقىقات ماقالىسىغا ئاساسلانغاندا، خىتايلار ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئېشىنچى ئەمگەك كۈچى باھانىسىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە قايتىپ كېلىشىنى توسۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى تارقاقلاشتۇرۇپ خىتايلارنىڭ ئارىسىغا چېچىپ ماكانلاشتۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەندەك ئامېرىكىمۇ ئەينى ۋاقىتتا يەرلىك ئىندىئانلارنى ئۇلار ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئىندىئان رايونلىرىدىن شەھەرلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىغان بولۇپ، 1950- يىلدىن 1972 – يىلغىچە 100 مىڭ ئىندىئاننى شەھەرلەرگە يەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى قەبىلە ھاياتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈپ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغان، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنگلىزلار بىلەن تويلىشىدىغان قىلىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلغان.( Nagel,1995) ماقالىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا (Nagel( 1995.p.948 شەھەرلەشكەن، تىلىنى ۋە دىنىنى يوقاتقان بۇ ئىندىئانلار كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ ياكى پەرزەنتلىرىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى ئۆزگەرتىپ ئالاقىدار ئورۇنلارغا تىزىملاتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

(Nagel(1995.p.958 نىڭ ئىزدىنىشىچە، ئامېرىكىدا پۇقرالار ھوقۇقى ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم يەرلىك خەلقلەر( ئىندىئانلار) تارتتۇۋېلىنغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش دەۋاسىنى قىلغان ۋە بىر قىسىملىرى تارتتۇۋېلىنغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئالغان، ۋە يەنە ئالكاتراز دېگەن بىر ئارالنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن مەشھۇر ئالكاتراز ھەرىكىتىنى قوزغىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بولغان سۆھبىتى مەغلۇپ بولۇپ، بۇ ئارالنى قايتۇرۇپ ئالالمىغان ۋە بۇ ئارال ئۈچۈن تۆلەممۇ ئالالمىغان. لېكىن بۇ ھەرىكەت تۈپەيلىدىن نۇرغۇن يەرلىك خەلقلەر ئەسلىنى ئىزدەشكە باشلىغان. تىلىنى، دىنىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئېتنىك كىملىكىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ئۆز ئېتنىك كىملىكىنى ئىنگلىز دەپ ئېتىراپ قىلغان نۇرغۇن ئىندىئانلار ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئېتنىك كىملىكىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنى ئامېرىكىلىق ئىندىئان ( يەرلىك خەلق ياكى native people) قىلىپ تىزىملىتىشقا باشلىغان. نەتىجىدە ئىندىئانلارنىڭ نوپۇسى 1990 - يىلغا كەلگەندە 1960 - يىلدىكىدىن بىراقلا ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.(Joane Nagel(1995.p.959 (جوين ناگېل) بىۋاستە زىيارەت قىلغان بىر ئىندىئان كىشى ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ، «مەن ھېچقاچان ھېچكىمنىڭ بىز ئۈچۈن سۆزلەپ، پۈتۈن بىر قىتئەنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە نۇرغۇنلىغان جاننى قۇربان قىلغان بىر مىللەتنىڭ بۇ قۇربانلىقلار بەدىلىگە ئادەتتىكى ساغلاملىق مۇلازىمىتى ۋە مائارىپنى بولسىمۇ تەلەپ قىلالىغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىدىم، تۇنجى قېتىم ھەقنى سۆزلىيەلەيشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئۆزەمنى ئەركىن ھېس قىلدىم.» دېگەنئۇ. زىيارەت قىلغان كىملىكىنى يوقاتقان يەنە بىر ئىندىئان كىشى بولسا « ئالكاتراز ھەرىكىتى تۇنجى قېتىم مېنىڭ مىللىي غۇرۇرۇمنى ئويغاتتى. مەن پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزەمدىن پەخىرلىنىپ ياشىيالىشىم ناھايىتى تەس ئىدى. ئالكاتراز ھەرىكىتى مېنىڭ ئۆزلۈكۈمگە

قايتىشىمغا، غۇرۇرۇم بىلەن ئۆز يىلتىزىمنى تېپىشىلىشىمغا، كىملىكىمدىن پەخىرلىنىپ ياشىشىمغا سەۋەب بولدى»دېگەن .

ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ئەسلىگە قايتىش تارىخىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، كىملىكنى يوقاتقان بىر ئېتنىك توپلۇم پەقەت مەلۇم دەرىجىدە كۈچلىنىپ، سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرەلىگەن ۋە مۇئەييەن سىياسىي كۈچكە ئېرىشەلىگەندە، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەگە يەنى قايسى تۇپراقنىڭ ئىگىسى بولغانلىقىغا ئائىت تارىخ يوقالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەسلىگە قايتىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق قايتىدىن ئەسلىنى تېپىۋېلىشى مۇمكىن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈلتۈر كىملىكلىرىنى مەيلى قانداق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقاتمىسۇن، شەرقىي تۈركىستانلىقلار دۆلىتى قولدىن كەتكىنى بىلەن ۋەتەنسىز ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي كىملىكنى ساقلاپ قالالىسىلا، پۇرسەت تېپىلغاندا بۇ كىملىك شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە قايتا تىرىلىشى ۋە ياكى يېڭى بىر ئېتنىك كىملىك سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى، ئەگەر دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇلۇس كىملىكىنى يارىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشى مۇمكىن .

ئەگەر شەخسنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىگەن كۈلتۈرى ياكى ئىشەنگەن نەرسىسى يالغان، قۇرۇق نەرسە بولغىنىدا، ئۇ بۇ شەخسنى كۈچلۈك كىملىك بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. بىر توپلۇمنىڭ تارىخى باشقا بىر توپلۇم تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلىپ، يېڭى كىملىك تىكلەنگىنىدە، ئەگەر بىر كۈنى ھەقىقەت ئىسپاتلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، بۇگۈرۈپپىنىڭ تىكلىۋالغان يېڭى يالغان كىملىكمۇ يوققا چىقىدۇ (Eriksen, 2010).

ھەممىلا نەرسىنىڭ ھەقىقى كىملىك بولۇپ ھۆكۈم سۈرەلىشى ناتايىن. خىتاي ئىشغالىيەتچى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا بۇرمىلانغان تارىخنى تېڭىپ شەرقىي تۈركىستان ( شىنجاڭ) ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى دەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ يالغان تارىخ بىلەن مېڭىسى يۇيۇلغان ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن دۆلەت قۇرۇپ باقمىغان، خىتاينىڭ زېمىنىدا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا مىڭلارچە شۈكرى قىلىشى لازىم بولغان بىچارە كىملىك بىلەن قوراللاندۇرۇلسىمۇ، ئەمما يالغانلارنىڭ ئاشكارا بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆز ئەسلى كىملىكىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى ۋە بېتىملەرنى تۈزۈپ خىتايلارنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتلارنى خىتاي ئۆز چېگراسى ئىچىدە يوقىتالىغىنى بىلەن، دۇنيا مىقياسىدا يوقىتالىشى مۇمكىن ئەمەس ۋە بۇ بۈگۈنكى تورلاشقان دۇنيادا بۇ ئىمكانىيەت تېخىمۇ يوق.

ئۇنداقتا شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئېتنىك مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ئۆزى ياشىيالمايۋاتقان تېررىتورىيە بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟

جۇغراپىيىلىك كۆچۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق، ئېتنىك مىللەت بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇلۇس باسقۇچىغا قايتىپ كېلەلىشىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان چېگراسى سىرتىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چېچىلىپ ئوخشىمىغان تېررىتورىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىكلىق ۋە ئۇلۇس مەۋجۇتلۇقى كۆرەشلىرىدە تېررىتورىيەنىڭ قانداق ئوخشىمىغان تەسىرلىرى بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى 8-بۆلۈمدە ئىزدىنىپ كۆرەيلى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


Eriksen, T. (2010). *Ethnicity and nationalism*. 3rd ed. London: Pluto Press, p.88.

Nagel, J. (1995). American Indian Ethnic Renewal: Politics and the Resurgence of Identity. *American Sociological Review*, 60(6), p.947.

Sulaiman, E. and Niyaz, K. (2017). *Xinjiang Authorities Subsidize Uyghurs to Relocate to Han Districts of Urumqi*. [online] Radio Free Asia. Available at: http://www.rfa.org/english/news/uyghur/subsidies-08252017150606.html [Accessed 13 Aug. 2018].

8 -بۆلۈم: جۇغراپىيە، كىملىك ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار

بىز بۇ كىتابتا باشتىن ئاخىر تېررىتورىيەگە باغلىنىش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېررىتورىيە مىللەتچىلىكى يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېتىقاداندا ئۇلۇسچىلىقى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە تىرىشتۇق. زېمىنغا بولغان باغلىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى بۇرۇنلا «يۇرتىدىن ئايرىلغان كىشى يىلتىزىدىن ئايرىلغان دەرخ»، «كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاك بول» دېگەنگە ئوخشاش ماقال — تەمسىللەر بولغان. ئادەتتە تۇپرىقىدىن ۋە ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلغان خەلقلەر تىل، دىن ۋە مەدەنىيەت، ئەسلى قىممەت قارىشى ۋە ئېتنىكلىقىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېغىر بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئەكسىنچە شەرقىي تۈركىستان سىرتىدا ئۆز دىنىنى ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن قولاي ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە. تىلنىڭ قانداق چەكلىمىلەرگە ئۇچرىشى ۋە يوقۇلۇشقا يۈزلىنىشى ھەققىدە بۇ كىتابنىڭ «تىل ۋە ئۇلۇسچىلىق» قىسمىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. تۆۋەندە جۇغراپىيەلىك كۆچۈش شەكىللەندۈرگەن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۇچرايدىغان كرىزىسلار ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىرەك توختۇلۇشقا تىرىشىمىز:

1-ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىرتىغا يېيىلىشى ۋە مۇساپىرلىق ھاياتى ئانچە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەمەس ۋە شەرقىي تۈركىستان سىرتىدىكى سانىمۇ ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، كۆپ سانلىق مىللەتلەر بىلەن كىملىك تىركىششىدە ياشايدۇ.

بۇ كەسكىن تىركىشىش ياكى رىقابەت جەريانى ئىقتىساد، مائارىپ، جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش، قانۇنغا ماسلىشىش، ھەق - ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇش قاتارلىق بىر مۇنچە تەرەپلەردە ئەكس ئېتىدىغان بولۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مىللىي كىملىكىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنى ئاشۇ دۆلەتكە مەڭگۈ يات ھېس قىلىش، يېتىمسىراش تۇيغۇسى تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئۆزىنىڭ ئەسلى ئۇلۇس كىملىكى ياكى مىللىي كىملىكنى يەنى شەرقىي تۈركىستانغا مەنسۇپ بولغان ئۇلۇس كىملىكنى ئىزدەش تۇيغۇسى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە رېئاللىق بىلەن ئارزۇ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ئىچىدە ياشايدۇ. ئىراق ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى، ئامېرىكىنىڭ ئىراقلىق ئەسىرلەرنى تۈرمىدە ۋەھشىيلەرچە قىينىغانلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ئامېرىكىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى تەرىپىدىن «دۈشمەن جەڭچىلەر» دەپ ئېلان قىلىنىشى، دۇنياۋى خاراكتېرلىق تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش بورىنىنىڭ ئاساسەن مۇسۇلمانلارنى نىشان قىلىشى قاتارلىقلار ئامېرىكا ۋە شۇنداقلا غەرب دۆلەتلىرىدە شۇ دۆلەتنىڭ مىللىي كىملىكىگە تەۋە بولۇپ ياشاۋاتقان ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئەندىشىگە سالدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن ئەسلى ئۆزلىرى تەۋە بولغان ئانا دۆلەتنىڭ كىملىكىدىن ئىبارەت قوش مىللىي كىملىك ئوتتۇرىسىدا تېڭىرقاپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككى كىملىكنى سۆيىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا، قىسقىسى ھېچكىمگە زىيىنى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن تەشۋىقاتلارنى قىلدى. لېكىن ئىككى دۆلەتنىڭ بىرىنىڭ ئۇلارغا بەرىبىر

ئىشەنمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. يەنە نۇرغۇنلىرى بولسا خاتا بىلەن توغرا، سادىقلىق بىلەن مەنسۇپلۇق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىچىدە قالدى ، ئىككى ئۇلۇس كىملىكىنىڭ بىرىنى تاللاش مۇمكىنسىزلىكى ئىچىدە كۈرەش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىرقانچە يىل ئىلگىرى 17 ياشلىق بىر ئافغان قىز ئوقۇغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىدائىي بولۇپ ئىشلەش سائىتىنى تاماملاش ئۈچۈن مەن ئىشلەۋاتقان ئورۇنغا كەلدى. بىر قېتىملىق چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئافغانىستاندا بومبىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن خاتا ئېتىپ 200 دىن ئارتۇق ئافغان خەلقىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى ھەققىدىكى بىر خەۋەرنى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. ئۇ قىز يېنىمغا كېلىپ: « مەن سىزنىڭ چىرايىڭىزنى مىللىتىم ئافغانلارغا ئوخشىتىمەن تېگىڭىز ئافغانىستاندىنمۇ ؟» دەپ سورىدى. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ ئافغان ئىكەنلىكىنى ، ئەمما كانادادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە ئۇنىڭدىن «كانادانى ياخشى كۆرەمسىز ئافغانىستانىنمۇ ؟» دەپ سورىدۇم. ئۇ دەرھاللا: « خەۋەرنى كۆردىڭىزمۇ ؟ كانادامۇ ئافغانىستانغا ئەسكەر ئەۋەتتى. مەن بۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. لېكىن بۇلار نېمىشقا مېنىڭ دۆلىتىمگە ئەسكەر ئەۋەتىدۇ ؟ بۇلار مېنىڭ دۆلىتىمدىن چىقىپ كەتكەن كۈنى مەنمۇ دۆلىتىمگە قايتىپ كېتىمەن، چۈنكى ئۇ يەردە مېنىڭ يىلتىزىم بار. لېكىن مەن يەنىلا چوقۇم كانادانى بەك سېغىنىشىم مۇمكىن، چۈنكى ئافغانىستان ئەمەلىيەتتە مېنىڭ تۇغۇلغان دۆلىتىم ئەمەس، مەن ئۇ يەردە ياشاپ باقمىدىم ، ئۇ يەر مەن ئۈچۈن يات. كانادا مېنىڭ تۇغۇلغان ۋە ياشىغان دۆلىتىم، كانادانى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا بىر جۈپ گۆھەردەك پاقىراپ تۇرىدىغان سېرىق كۆزلىرىدىن كۆچلۈك ئازاپ چاقناپ كەتتى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن باللار ۋە ياشلارنىڭ كىملىك تاللىشى ئىچىدە قايمۇقۇشىغا ۋە ئازابلىنىشىغا سەۋەپچى بولۇۋاتاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقتا مەۋجۇت ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەت بىلەن توقۇنۇشقا كىرىپ قالىدىغان بىر دۆلىتى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنلىكتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قوش كىملىكىنىڭ بۇ خىل كەسكىن تاللاشقا ئۇچرىشى مەۋجۇت ئەمەس. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كىملىكىگە ئەڭ سادىق بولىدىغان ۋەتەنداشلار بولۇپ يېتىشىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كىملىكىدىن پايدىلىنىپ خىتايغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغانلىقتىن، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە يەنىلا مەيدان تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. نەتىجىدە يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە مىللىي كىملىكى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەت كىملىكىدىن ئىبارەت قوش كىملىكى پۈتۈنلەي زىددىيەتتىن خالىمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ مەنپەئەت ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن خىتاي بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورنىتىشنى قوللايدىغان دۆلەت سىياسەتچىلىرىگە ئاۋاز بېرىش بەرمەسلىكى ۋە ياكى دۆلەت سىياستىگە تەسىر كۆرسىتەلىگۈدەك كۈچلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىلدىكى مەسىلىلەردە شەرقىي تۈركىستان مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلالاش ياكى قىلالماسلىقى ئۇلارنىڭ سىياسىي قوش كىملىكىنىڭ ۋەزنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ۋە قوش كىملىك ۋەزنى ئادالەت، ئېتنىك يىلتىز، مەۋجۇت مىللىي كىملىك، ساداقەت، ياشىغان دۆلىتىدە يېتىلگەن قىممەت قارىشى دېگەندەك بىرقانچە مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ. بولۇپمۇ ئادالەت كۆز قارىشى ئېنىق، ئەسلىدىكى مىللىي كىملىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقا بارلىق

قىممەت قاراشلىرىنى قۇربان قىلالايدىغان، ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئېنىق يېتىلگەن بىر ئۇيغۇر بۇ زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بارلىق ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىنى شەرقىي تۈركىستان مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلالىغىنىدا، ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۈشمەنلىرىگە قىلىنىدىغان دوستلۇقنى قوللىمايدىغانلىقى ئېنىق .

ختايغا قارىتىلغان سىياسىي پرىنسىپ ۋە مەيدان مەسىلىسىدىن باشقا مەسىلىلەردە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كىملىكىگە مەنسۇپ بولغان قىممەت قارىشىنى، مىللىي مائارىپنى ۋە دۆلەت قانۇنىنى قوبۇل قىلىدۇ. نۆۋەتتە بىر شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىگە تەۋە بولغان مەۋجۇت مائارىپ ، قىممەت قارىشى ۋە قانۇنلار بولمىغانلىقتىن، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ كىملىكى ئۇنىڭ دۆلەت كىملىكىدە زىددىيەتسىز ئەكس ئېتىدۇ ۋە بۇ زىددىيەتسىزلىك ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەۋە مىللىي كىملىكىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتكە مۇتلەق ۋە چەكسىز سادىقلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى نەتىجىسىدە، ۋەتىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئارزۇسىنى سۇسلاشتۇرۇشى ياكى ۋەتىنىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانلار ئۈچۈن بۇنداق بىر ئارزۇ بەلكى ھېچ تىرىلمەسلىكى مۇمكىن. دېمەك، ختايغا قارشى بولغان سىياسىي ئاڭ كۈچلۈك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى بىر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستان دۆلەت كىملىكىگە ئىنتىلىدىغان رىقابەتتىن مەھرۇم قېلىش كىرىزىسىدا بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇلۇس كىملىكىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ ۋە بەلكى يوقۇتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

2- مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە يات بولغان نۇرغۇن يېڭى مەدەنىيەتلەرگە بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرىدۇ .

شۇڭا ئوخشىمىغان تېررىتورىيەلەردە، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەت تەۋەلىكى ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەسىرلەرگە ئۇچراش نەتىجىسىدە كىملىك ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرىشى مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىگە يات بولغان نۇرغۇن يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقان، ئېتنىك مىللەت سۈپىتىدە يوقاپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشلىرىنى باشتىن كەچۈرىشى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر مەدەنىيەتتە ( كۇلتۇردە ) مېڭىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ياۋروپا مەدەنىيىتىنى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى مەدەنىيىتىنى، ئاسىيا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ، ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەرەب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ۋە بۇ ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىدىكى ئورتاقلىق ئاجىزلاپ، ئۇيۇشۇشتا زور بولغان ئورتاق خاراكتېر، بىردەك مەدەنىيەتكە يېتەكلەيدىغان ئوخشاشلىق بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭنىڭ چوڭىيىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. گەرچە جەمئىيەتشۇناسلار بىر مىللەتنىڭ باشقا مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرىشى ئۇ مىللەتنىڭ ئەسلىدىكى خاسلىققا ئىگە كۇلتۇرى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقاتقان بىلەنمۇ، لېكىن يەنە يېڭى ئورتاق كۇلتۇر پەيدا قىلىپ، بۇ مىللەتنىڭ يەنىلا يوقالماي ئېتنىك كۇلتۇرىنى نامايەندە

قىلىپ، يېگىچە تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ ساقلىنىپ قالالايدىغانلىقىنى قەيت قىلسىمۇ، ئەمما بۇ پۈتۈنلەي بىراقلا باشقا مەدەنىيەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىش ياكى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىغا ئوخشاش بۆلۈنمە شەكىلدە ھەر يەردە ھەرخىل كۈلتۈرنى ئۆزلەشتۈرۈش بولمىغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە ياكى كەلگۈسى ئەھۋالىغا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بىر مىللەتنىڭ باشقىلارنىڭ كۈلتۈرىنى قوبۇل قىلىشى ئالدى بىلەن ئۆز كىملىكىنى قوغدىيالىغان ئەھۋالدا ئورتاق مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتقا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن چاگلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇلار سىياسىي ھوقۇقىنى يوقاتمىغان، ئورتاق جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەگە مەركەزلەشكەنلىكتىن تۈركلىكىنى يوقاتمىدى. ئەمما تۈركلەرنىڭ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزغا ئوخشاش باشقا جۇغراپىيەدە قالغانلىرى بولسا تۈركىيە جۇغراپىيەسىگە مەركەزلەشكەن تۈركلەردىن كۈلتۈر جەھەتتە پەرقلەندى. ئۇيغۇرلارمۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئېتنىك كىملىكىنى يوقاتمىدى بەلكى يېگىلىنىپ كۈچلەندى، چۈنكى ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت ئورتاق بىر تېررىتورىيەدە ياشاپ كەلدى. ساسانىيلار دەۋرىدە ئەرەبلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان پارىسلارمۇ ئىسلام دىنىنى، ئەرەب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدى، ئەمما ئەرەب بولۇپ كەتكىنى يوق بەلكى ئېتنىك كۈلتۈرىنى كۈچلەندۈردى ۋە يېگىلىدى. چۈنكى ئۇلار ئوخشاش بىر جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەدە ياشايتتى. رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بولسا ئاسسىمىلياتسىيەگە يۈزلىنىپ، دىنىنى، تىلىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇشقا ماڭغان ۋە ئېتنىك كۈلتۈرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدى؟ ئۇنداقتا ئۇلار مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇپ ئەسلىگە قايتالىدى؟ ئۇلار نېمە ئۇچۇن پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتمىدى؟ بۇ گەرچە ئايرىم تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىرىنچىدىن، ئۇلار ئوخشاش بىر تېررىتورىيەدە توپلىشىپ ياشايتتى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالغان نەرسە مېنىڭچە ئەشۇ تېررىتورىيەگە باغلانغان كىملىك. ئىككىنچىدىن، ئۇلاردا رۇسلار بىلەن بولغان ئىرقى پەرق تېخى يوقىمىغان. ئۈچىنچىدىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئەركىنلىككە چىقىشى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزى، تارىخى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قايتا ئىزدەش پۇرسىتى بەرگەن. بۇ ئۇلارنىڭ يىلتىزىنىڭ پۈتۈنلەي قومۇرۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قايتىدىن ئۆزىنى تېپىۋېلىشىغا تۈرتكە بولدى، دېسەك خاتا بولمىسا كېرەك.

3-مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئەسلى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان كىملىكتىن ھالقىپ، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى جەريانىدا قوش ئېتنىك كىملىك پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ .

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار يۆلىنىدىغان بارلىق مەنبەلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ سىستېمىسىغا باغلىق بولغىنى ئۇچۇن، ھەم ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكى ھەم ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان ئېتنىك دۆلەتتىكى ئاساسلىق ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ كىملىكى زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇردا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە ۋە يۇرۇش — تۇرۇشلىرىدا ئەكس ئېتىشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە سۆزلەپ، ئۇيغۇرچە تاماق يېسىمۇ ئىنگلىزچە تەپەككۇر قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ياپونىيەدە ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان ئۇيغۇرلار بولسا، ياپونچە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئۇيغۇرچە ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دەپ سالام بېرىدۇ. ئۇيغۇر ئېتنىك كىملىكىگە خاس ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ تۇي-

تۆكـۈن، نەزىـر-چىراقلىرىـدا، ئائىلـىدىكى تاماقلىرىـدا گەۋدىلەنسـىمۇ، شـۇ دۆلەتنـى ئاسـاس قىلغـان ئېتنىـك مىللەتلىرىنىڭ قائىدە يوسۇنلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە سىڭدۈرىۋېلىشتىن خالى بولالمايدۇ. كانادادا ياكى ئامېرىكىغا ئوخشـاش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتـلەردە ياشـايدىغان ئۇيغۇرلارمۇ شـۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت كىملىكىنـى، قىمـمەت قارىشـىنى قوبۇل قىلىش، ۋە شـۇ دۆلەتنىڭ ئۇلـۇس كىملىكـىگە تەۋە بولـۇش بىـلەن بىرگە، سـانى ناھـايىتى ئاز بولغـان كىچىــك بىــر جامـائەت بولــۇش سـۈپىتى بىــلەن شــۇ دۆلەتــكە سىڭىشــىش جەريـانىنى باشــتىن كەچۈرىدىغانلىقتىن، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئاسانلا كىملىك كىرىزىسى ئىچىدە ياشاشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، ئېتنىــك كىملىــك ئۆز ئىپادىســىنى تاپىــدىغان ئانــا تىلنــى ئۇنتــۇش ۋە دىنــي كىملىكنــى كۈچلــۈك داۋاملاشتۇرالماسـلىق، باشـقا مىللەتـلەر بىـلەن چاڭلىشـىش نەتىجىسـىدە ئېتنىـك كىملىكـتە ئەكىس ئېتىـدىغان قانداشلىقنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئىرقىي ئۆزگىرىش قاتارلىقلار ئېتنىك كىملىكنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە باشقا مىللەتلەر ئىچىدە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا ۋە ئېرىپ تۈگەپ كېتىشكە يول ئاچىدىغان كىرىزىسلاردۇر.

## 4- تويلىشىش ۋە چاڭلىشىش كىرىزىسى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى

ئۇيغـۇرلار كۆچمەن بولـۇپ ياشـاۋاتقان دۆلەتـلەردە سـانى ئىنتـايىن ئاز بولغـانلىقتىن، ئۆزىـگە تەۋە مەلـۇم زېمىندا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆپىيىش پۇرسەتلىرى ئۆز ۋەتىنىدىكىدەك ئاسان بولمايدۇ. ئوخشـىمىغان تېررىتورىيەلەردىكى مۇساپىرلىق ھاياتى ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن تويلىشىشى ئېتنىكلىقنى يوقۇتۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىـدۇ. مۇھـاجىرەتتىكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچـى ئەۋلاد ئۇيغـۇرلار ئىچىـدە يـات مىللەتـلەر بىـلەن تويلىشـى نەتىجىســىدە چاڭلىشـىپ كېتىش كىرىزىسـى باشـلانغان بولـۇپ، ئۇيغـۇر كىملىكىنــىڭ سـاپلىقى زور تەســىرگە ئۇچرىماقتا. بولۇپمۇ دىن ۋە مەدەنىيىتى (كۇلتۇرى) كۈچلۈك دۆلەتلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئائىلىدە بالىلىرىغا ئىسـلام ئەقىدىسـىنى ھەرقـانچە كـۈچەپ سـىڭدۈرگەن تەقـدىردىمۇ، بالىلارنـىڭ جەمئىيەتـتىن ۋە دوسـتلىرىدىن ئالـىدىغان تەسـىرى بەك كۈچلـۈك بولغـانلىقتىن، ئۇلارنـىڭ ئىسـلام ئېتىقادىنـىڭ سۇسلىشـىپ كېتىشـى ھەتتـا دىنىدىن چىقىپ كېتىشى ۋە ياكى تويلىششتا قارشى تەرەپنىڭ دىنى ئېتىقادىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس دەيدىغان ئاممىۋي كۆز قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىشى تەبىئىي بىر ئەھۋالغا ئايلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىدە باشقا مىللەت، باشـقا دىنىدىكى بىرى بىـلەن تـوي قىلىشـنى رەت قىلىش ياشـلارغا نىسـبەتەن ئېلىـپ ئېيتقانـدا ئىرقـي كەمسـىتىش دەپ قارىلىشـتەك، يەنـى ئىرقـي كەمسـىتىش بىـلەن ئۆز ئىرقىنـى سـاقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشنى ئارىلاشتۇرىۋېلىشتەك خەتەرلىك ئەھۋال مەۋجۇت. مەن شـىمالىي ئامېرىكىـدىكى كۆپلىگەن ئۇيغـۇر ئاتا-ئانىلار بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئورتاق ئەندىشىسى بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى توي ئىشىدا باشقا مىللەتتىن بىرىنى تاللىشىدىن ئىبارەت بولـۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە بالىلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا بـالىلار تەرىپىـدىن مۇنـداق بىـر ئورتـاق جاۋابقـا ئېرىشـىدىكەن: «بىرىنچىسـى بـۇ مېنىـڭ ھايـاتىم، سـىلەرنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىڭلار توغرا ئەمەس، ئىككىنچىسى باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىشنى چەكلەش ئىرقىي كەمسىتىش بولىدۇ . ئۈچىنچىسى تويلىشىش ۋە جۈرە تاللاش مەسىلىسىگە دىننى ئارىلاشتۇرىۋالماسلىقىڭلار لازىم.» كۆپىنچە ئاتا-ئانا پەرزەنتلىرى باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە باشلاشتىن بۇرۇن كىچىك ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ كاللىسىغا يات مىللەت بىـلەن توي قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ۋاستىلىك ھالدا

ئاڭلىتىپ، قۇلىقىغا سىڭدۈرۈپ، تەسىر كۆرسىتىپ، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ جۆرىسىنى توغرا تاللىشىغا يول ئېچىپ تۇرمايمىز. باللىرىمىز چوڭ بولۇپ، بىردىنلا باشقا دىندىكى ياكى ئوخشاش دىندىكى باشقا بىر مىللەت ئەۋلادلىرىدىن بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى تۇنجى ئاڭلىغىنىمىزدا قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالىمىز ۋە باللىرىمىزغا بۇيرۇق شەكلىدە بېسىم ئىشلىتىشكە باشلايمىز. نەتىجىدە بالىنىڭ جاۋابىمۇ يۇقىرىدىكىدەك «بۇ مېنىڭ هاياتىم، سىلەر ئارىلاشالماڭلار» دېگەن تەرىقىدە بولۇپ، ئاتا-ئانا ۋە باللار ئارىسىدا قارشىلىشىش ۋە زىددىيەت پەيدا بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام دىنىدا ئىرقىي ئايرىمچىلىق يوق، ئىسلام دىنى تەلىماتىدا مەيلى كىم ياكى قانداق رەڭدە بولسۇن ھەممىسى ئاللاھنىڭ ياراتقان بەندىلىرى، دېگەن قاراش ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەسلىدە، باللىرىمىزنىڭ باشقا مىللەتتىن بولغان بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىنى بىلگىنىمىزدە، ئۇلارنى تىللاش، ئەيىبلەش ياكى قوپاللىق بىلەن بېسىم ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا پەقەت دىنىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك، كەلگۈسىدە ئائىلە قۇرۇپ قالسا چىقىشالماي بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىمىزنى، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاز سانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىشىنىڭ باشقىلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۇيغۇر قىلالمايدىغان ئەھۋالدا، يوقۇلۇۋاتقان بىر مىللەتنىڭ تېخىمۇ تېز يوقۇلۇشىغا ھەسسە قوشقانلىق بولىدىغانلىقىنى، باشقا مىللەت بىلەن توي قىلغاندا نۇرغۇن زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ قىيىن بولىۋاتقانلىقى ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تۈگەپ كېتىشنىڭ خەتەرلىرى ھەققىدە چۈشەنچە بەرسەك بەلكىم باللارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتۈپ، تاللىشىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ كەم بولۇشىغا ۋە كەم بولۇپ ياشىشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. يات مىللەت بىلەن توي قىلىشنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىش بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ مىللىتىمىزنى يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچار قىلىشقا ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى باللارغا ھېس قىلدۇرالىساق، نۇرغۇن ئەقىللىق بالا بۇ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

يەنە بىر ئاچچىق ھەقىقەت شۇكى، غەرب ئەللىرىدە كوللېكتىپنىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ ئەمەس بەلكى شەخسنىڭ خوشاللىقى ۋە غەلىبىسى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدىغانلىقتىن، خاراكتېرى كۈچلۈك بولمىغان بەزى باللار بەلكىم مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ خوشاللىقى ۋە تاللىشى بىلەن قارشى قويۇۋېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋالدا بىز باللارغا ئۇنىڭ شەخسىي كىملىكى ۋە شەخسىي خوشاللىقىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇ مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ كىملىكىگە چەمبەرچەس باغلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن باللار ئۆزىدە بىرقانچە خىل كىملىك ئامىللىرىنى تەڭ يېتىشتۈرگەن بولىدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەسلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلكە چاخچاق، ئويۇن تاماشالىرىدىن ھۇزۇرلىنالماسلىقى مۇمكىن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا راھەتسىز ھېس قىلىشىنى، ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ ئەمەستەك ھېس قىلدۇرۇپ، ئازابلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. باشقا مىللەتنىڭ ئارىسىدا ھەرقانچە ئۇلارنىڭ تىلىدا

سۆزلەپ، ئۇلاردەك چۈش كۆرسمۇ، باشقا مىللەتنىڭ ئۆزىنى بەربىر باشقا مىللەت دەپ قارايدىغانلىقىنى، ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە كىملىكتە ھېچقايسى مىللەتكە تەۋە بولالماسلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە كىملىك مەسىلىسىدىن زېرىكىش ھەتتا نەپرەتلىنىش، قارشى چىقىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا كىملىككە ئەھمىيەت بېرىشكە جىددىي قارىماسلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئۇلار يېتەلمەيۋاتقان، ئۆز كىملىكىدە يوقىتىۋاتقان يۈزلىنىشتىن قورقىدىغان بىر تۇيغۇ بولۇپ، ئۇلار بۇ تۇيغۇنى ئۇنتۇش، ئۇنىڭدىن ئۇزاق تۇرۇش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەسلىككە ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قورقۇنۇچلۇق ھېس تۇيغۇ كۆپىنچە ھاللاردا يۈزدە يۈز ئۇيغۇر بولالمىغانلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىدىن ئۆزى خىجىل بولۇش ۋە ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلىش تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن زاكىسىدىلا كىملىكنى تۇرغۇزۇشقا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەلمىگەنلىكىمىز ۋە ياكى سەل قارىغانلىقىمىز، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىمكانىيەتلىرىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بىر مەسىلە. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھاجىرەتتە تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە روھى جەھەتتىن كىملىك بېسىمىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى كىچىكىدىن باشلاپ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە مىللىي ئاڭنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە نۇرغۇن ياشلار تويدىن بۇرۇن ئىككى تەرەپنىڭ دىنىي مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سۆزلەشمەيدىكەن، ئۇلار ھەتتا دىنىنى ئاربلاشتۇرىۋالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى بۇ ھەقتە سۆزلەشمىگەن ياخشى، دەپ قارايدىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان، يەھۇدى، خرىستىئان ياكى بۇددىست دەپ تەرىپلىسىمۇ مەسچىت، چېركاۋ، سىناگوك (يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى) ياكى بۇتخانىلارغا بارمايدىغان بولغاچقا، دىنىي قائىدە يوسۇنلارنىڭ ئۇلار غا نىسبەتەن كۆپ ئەھمىيتى بولمايدىكەن. دىنىي تەلىماتلارغا بويسۇنۇش، ئۇلارنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش، كۈندىلىك ئىش پائالىيەتلىرىنى مەزكۇر تەلىماتلار بويىچە قىلىش قاتارلىقلارغىمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن، ئەمما توغرا كېلىپ قالغاندا ئۇلارنى رەتمۇ قىلمايدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا تويدىن كېيىن كېلىپ چىقىدىغان نۇرغۇن مەسىلەرنى ھەل قىلىش تېخمۇ قىيىنغا توختايدىكەن. ھەتتا تويدىن بۇرۇن ئىككى تەرەپنىڭ دىنىي ئەقىدىسىنى ئائىلىدە قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ئېنىق سۆزلىشىپ، كېلىشىپ توي قىلغانلارمۇ تويدىن كېيىن يەنىلا كۆپ ئاۋارىچىلىققا ۋە چىقىشالماسلىققا ئۇچرايدىكەن. ئامېرىكىنىڭ دىنىي كىملىك ستاتىستىكا ھەيئىتىنىڭ 2001- يىللىق ستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئوخشاش دىنىدىكى باشقا مىللەت بىلەن توي قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئوخشىمىغان دىندىكىلەرنىڭ تويدىن كېيىن ئاجرىشىش نىسبىتى ئۈچ ھەسسە كۆپ بولغان.

ئۆز دىنىي ئەقىدىسى ۋە كۇلتۇرىنى ساقلاپ قالغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز دىنىدىكى باشقا مىللەت ياكى ئوخشىمىغان دىندىكى باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىش مەسىلىسىدە، ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى دىن ۋە كۇلتۇرنىڭ ئوخشىماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تويدىن بۇرۇن كېلىشىۋالغان تەقدىردىمۇ بۇ كېلىشىملەرنىڭ ئۇيغۇر دىنىي كىملىك، مىللىي كىملىك ۋە ئېتنىك كىملىك قاتارلىق كىملىكلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇنچە كۆپ پايدىسى بولماي قېلىشى مۇمكىن. گەرچە، نۇرغۇنلىرىمىز بىردەك باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىش بۇ مىللەتنى يوقاتمايدۇ، ئەمما بالىسىنى باشقا مىللەت قىلىپ تەربىيلەش بۇ مىللەتنى

يوقتىدۇ، شۇڭا باشقا مىللەتتىن بولغان بالىنى ئۇيغۇر قىلىپ يېتىشتۈرۈش مۇھىم دەپ قارىساقمۇ، بەزى ياشلارنىڭ تويدىن كېيىن بالىسىنى ئۇيغۇر ھەمدە مۇسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ھەققىدىكى كۆز قارىشى پەرىقلىق بولۇشى ۋە ھەتتا تويدىن بۇرۇن قارشى تەرەپتىن ئېلىنغان ۋەدىلەرمۇ تويدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشماي قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، بالىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەش ئۇنىڭغا 5 ۋاقىت ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇش، ھېيت بايراملاردا مەسچىتكە ئېلىپ بېرىش، ھالال - ھارامنى ئايرىشنى ئۆگىتىشلا ئەمەس، بەلكى بالىغا ھەقىقي ئىسلام ئىدىيىسىنى قانداق سىڭدۈرۈش مەسىلىسىدۇر (يەنى ئىسلامنىڭ باشقا دىن بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى سىڭدۈرۈپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بولغان ئېتىقادنى سىڭدۈرۈش مەسىلىسى ). چۈنكى بالا ئۆز ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرلىكتە قاتناشقان دىنىي پائالىيەتلەرنى دىنىي ئېتىقاد سۈپىتىدە ئەمەس ، پەقەت بىر كۈلتۈر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋېلىشى مۇمكىن. بالىنىڭ ئانىسى ياكى دادىسى باشقا دىندىن بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بالا بىلەن بىللە بولغاندا نېمىلەرنى قىلىش، بالىغا قانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىش، قانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرمەسلىك، كىملەر بىلەن ئارىلىشىش، كىملەر بىلەن ئارىلاشماسلىق، ھەتتا قانداق يەردە ياشاش، قانداق سۆزنى دېيىش، قانداق سۆزنى دېمەسلىك، كىيىم-كېچەكتە، يۈرۈش-تۇرۇشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش، باشقىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، چوڭلارغا، كىچىكلەرگە، ئاجىزلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش دېگەندەك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر تويدىن ئاۋۋال بولغۇسى بالىسىنىڭ دىنى ھەققىدە نۇرغۇن كېلىشىملەرنى تۈزۈۋىشىمۇ، تويدىن كېيىن بۇ كېلىشىملەرنى يىرتىۋەتكۈسى كېلىدۇ، چۈنكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بولسا، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئۈچۈن مەن كېلىشىم تۈزۈپ توي قىلغان، ئەمما كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش سەۋەبلىرى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. مۇسۇلمان تۈرك ئەر بىلەن توي قىلغان، ئەمما 7 يىلدىن كېيىن ئاجرىششقا مەجبۇر بولغان ئىتالىيەلىك بىر قىزنى زىيارەت قىلغىنىمدا ئۇ مۇنۇلارنى دېدى: «تويدىن بۇرۇن باللىرىمىزنى يولدۇشۇمنىڭ دىنى (ئىسلام دىنى) بىلەن تەربىيىلىشىگە قېتىلغان ئىدىم. سۆزۈمدىن يېنىۋالمىدىم، ئەمما ئەگەر ئۇ ماڭا ئاشۇنداق ۋەدە بەرگەن بولسا ۋە مەن قىزلىرىمنى خرىستىئان قىلىپ تەربىيىلىگەن بولسام ئۇمۇ ئوخشاشلا مەندەك پوزىتسىيەدە بولاتتى. مەن قىزلىرىمنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىدە چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى يەكشەنبە كۈنى چېركاۋغا ئېلىپ بارالمايدىغانلىقىمنى، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. قىزلارغا ئىسلامنى سىڭدۈرمەسلىك توغرىسىدا يولدىشىم بىلەن پاراڭلاشتىم، ئەمما ئۇ سۆز بەرگەنلىكىمنى ئېيتتى، قاتتىق قارشى چىقتى... ۋە بىر نەچچە يىللىق جېدەللەر نەتىجىسىدە ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق». ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئايرىلىش سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ، «تويدىن بۇرۇن دىن ئۇنچە مۇھىم ئەمەس، يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىمۇ گۈزەل بىر دىن، باللىرىم دادىسىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلسا بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما تويدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقانچە گۈزەل دىن بولغان تەقدىردىمۇ باللىرىنى باشقا دىن بىلەن يېتىشتۈرۈشكە تاشلاپ قويۇشنىڭ ئاتا- ئانا بولغۇچىغا نىسبەتەن ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم، چۈنكى يات بىر دىنىنىڭ تەسىرىدە باللىرىمنىڭ قەلبى بارغانسېرى مەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى» دېدى.

ئۇ يەنە باللىرى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقنى، باللىرىنىڭ كىملىكىنىڭ ۋە كەلگۈسىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقنى ھېس قىلغانلىقنى، بۇلارنى تويدىن بۇرۇن زادىلا ئويلىشىپ باقمىغانلىقنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدىكى ئىسلام كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئۇيغۇر كۇلتۇرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا دىن، ھىندىستاندىكى سىھ دىنىغا ئوخشاش كۇلتۇر بىلەن دىن بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىگەن بولغاچقا، ئوخشاش دىندىكى باشقا مىللەت بىلەن توي قىلىپ، دىنىي كىملىكنى يوقاتمىغان تەقدىردىمۇ، ئېتنىك كىملىك ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بوپقالىدىغان ئەھۋاللار ئاسانلا كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما سىكلاردا ئۇنداق بولمايدىكەن. سىك مىللىتىنىڭ پۈتۈن كۇلتۇرى دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقتىن ئۇلار باشقا دىندىكى بىر مىللەت بىلەن توي قىلغان تەقدىردىمۇ دىنىنى يوقاتمىسىلا ئاسان ئاسسىمىلياتسىيە بولمايدىكەن، چۈنكى ئۇلار دىنىنى ساقلاپ قالسىلا، كۇلتۇرىنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا مۇيەسسەر بولالايدىكەن.

ئوخشاش دىندىكىلەر بىلەن توي قىلىشتا، ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىق باشقا دىندىكىلەر بىلەن توي قىلغانلار ئۇچرايدىغان خىرىستىن نەچچە ھەسسە يەڭگىل بولسىمۇ، بۇ پەقەت توي قىلغۇچى ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسى ۋە باللىرىغا ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدە قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىشتە؟... ئەھمىيەت سىڭدۈرەلىشىگە باغلىق. مەسىلەن، ئەرەب بىلەن توي قىلغان قانچىلىغان قىز- يىگىتلىرىمىزنىڭ باللىرىنىڭ كۆك بايراقنى تونۇمايدىغانلىقنى، يۇرۇش تۇرۇشلىرىنىڭ ئەرەبچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز، ئەمما يەنە باللىرىغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان، باللىرىغا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىنىڭ بولسا، ساپ ئۇيغۇر بىلەن توي قىلغانلارنىڭ باللىرىدىنمۇ كۈچلۈك دىنىي ئەقىدە، ئۇيغۇرلۇق ئۆرپ-ئادەت، ئۇيغۇرلۇق ھېسسىيات بىلەن چوڭ بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرۈۋاتىمىز. نېمىلا بولمىسۇن، دىنىي ئەقىدىسى ۋە مەدەنىيىتى ئوخشىمىغان بىر مىللەت بىلەن توي قىلىش ئەھۋاللىرىدا بولسا ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاپ قېلىش ھەققەتەن تەسكە توختايدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرلۈك مىسال بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

1) تويلىششتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز دىنىنى ۋە كۇلتۇرىنى ئۆز ئالدىغا ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ دىنىنى ھۆرمەتلەش، باللىرىغا ھەر ئىككى دىن ۋە كۇلتۇرنى تەڭ ئۆگىتىش؛ ئاخىرقى نەتىجىنى بولسا، باللىرىنىڭ چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ تاللىشىغا قويۇشقا ۋەدىلىشىش.

بۇ خىل ئەھۋالدا قايسى تەرەپ يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن؟ ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ كۇلتۇرى ئۇنىڭ دىنى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولسا، يەنى ئۇنىڭ كۇلتۇرى پۈتۈنلەي دىنىي كۇلتۇرنى ئاساس قىلغان بولسا، ئۆز - ئارا بىر-بىرىنىڭ دىنىي كۇلتۇرىنى قوبۇل قىلىپ ياشاشقا ۋەدىلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا تويلاشقان ئۇيغۇر دىنىنى ئۆزى ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنى باللىرىغا يەتكۈزەلمەسلىكى، كۇلتۇردە قارشى تەرەپكە بوي سۇنۇشى، نەتىجىدە پۈتۈنلەي ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى، بىر ئۇيغۇر ياشنىڭ قارشى تەرەپنىڭ قوبۇل قىلىشىنى شەرت قىلماقچى بولغان ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دىنى بولمىغانلىقتىن، قارشى تەرەپ ئۇنى مەيلى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، قارشى تەرەپنىڭ ۋە ياكى باللىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما ئۆرپ-ئادىتى ۋە كۇلتۇرى

دىن بىلەن مەھكەم باغلانغان مىللەت بولسا، ھەر ئىككىسىنى ئائىلىگە بىرلىكتە ئېلىپ كىرىش بىلەن بىرگە، دىنىدا پەرھىز قىلىنغان كۆلتۈرلىرىدىن ۋاز كېچىشى ئاسان بولمىغانلىقتىن ئالدىراپ ۋاز كەچمەيدۇ ۋە نەتىجىدە كۆلتۈرىنىمۇ قوغداپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسى بويىچە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى 40 كۈنگىچە ئادەم كۆپ يەرگە، كوچىغا ئەچىقسا مىكروپلىنىپ قالىدۇ دەپ ئېلىپ چىقماسلىق ئادىتىنى قارشى تەرەپ رەت قىلىپ، ئۆز دىنىي ئەقىدىسى بويىچە چېركاۋلارغا ئاپىرىپ مىسا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، بالىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دىنىدا تەڭ يېتىلدۈرۈشكە قوشۇلغىنى ئۇچۇن قارشى تەرەپ بۇ تەلەپنى رەت قىلالماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى يېڭى توغۇلغان بوۋاقنى 40 كۈنگىچە سىرتقا ئېلىپ چىقماسلىق ئادىتى دىنىي پەرھىز بولمىغانلىقتىن، ۋاز كەچسە گۇناھ بولىدىغان ئىشلار قاتارىغا كىرمىگەنلىكىدىن، چىڭ تۇرالماسلىقى مۇمكىن. نەتىجىدە ئاستا-ئاستا قارشى تەرەپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىدۇ.

2 ) تويلىنىشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە ئارىلاشماسلىق، بۇ سەۋەبتىن بالىلارغىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دىن ۋە مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كىرمەسلىك، ھەر ئىككى تەرەپ ئارىسىدا پەقەت ئائىلىگە نىسبەتەن ئورتاقلىق پەيدا قىلىپ، ئارىدا توقۇنۇش پەيدا قىلمايدىغان يەنى ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت، قىممەت قاراش بىلەن بالىلىرنى تەربىيلەش ھەققىدە كېلىشىش.

چاڭلىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلۇقنىڭ يوقۇلۇش ياكى يوقالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقى ئەمەس، بەلكى بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى ساقلاپ قېلىش قالالماسلىقى بولۇپ، يۇقىرىدىكى شەرت ئاستىدا تويلاشقان ئۇيغۇر مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ھەرقانچە مۇكەممەل ساقلاپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بالىلىرىغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقنى پۈتۈنلەي يوقۇتىدىغانلىقى ئېنىق. ( پەقەت ئۇ بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بىرەر كۆلتۈر ياكى دىنغا كىرىشنى خالاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك كىملىكى ۋە دىنىنى تاللاپ ئىزدەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا).

ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئۆز — ئارا ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئاز بولغانلىقتىن، ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن باشقا بىر كۆلتۈرنىڭ ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغان ۋە يات مىللەت بىلەن توي قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بالىسىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنى قايسى مىللەتكە تەۋە قىلىپ تىزىملاش ۋە بالىغا بۇنى بىلدۈرۈش - بىلدۈرەلمەسلىكمۇ كېيىنكى ئەۋلادىنىڭ ئېتنىك كىملىكىنىڭ يوقۇلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان خىرىسلاردىن بىرى. بۈگۈنكى كۈندە چاڭلىشىش ئۇيغۇرلار يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ ئېغىر، شۇنداقلا توسۇۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان خىرىسلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىرىنچى ئەۋلاد ئاتا - ئانىلارھازىرغىچە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن يېڭى كۆلتۈر كىملىكىدە يېتىشكەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ زور بولۇشى ۋە بىر — بىرىنى چۈشىنىشنىڭ ئاز بولۇشى نەتىجىسىدە بۇ قارشىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەكسى تەسىر بېرىپ كەلمەكتە .

خۇلاسە

بىز يۇقارىدا ئېتنىك، ئېتنىكلىق، ئۇلۇس، ئۇلۇسچىلىق ۋە ئۇلۇس دۆلىتى قاتارلىق ئۇقۇملارغا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانلىرى ۋە كىملىكىمىزدە ئوينايدىغان

رولى ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلي توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىش
بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ ئۇلۇسى بولۇش بولالماسلىقىغا باغلىق
ئىكەنلىكىنى سىياسىي نۇقتىدىن چىقىپ خۇلاسىلىدۇق. كىتابىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ئۈچۈن ئىزدىنىپ
بىر قاتار نەزەرىيەلەر ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن پەقەت ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىرلا ئېتنىك
مىللەتنىڭ ئۇيغۇرىستاندىن ئىبارەت ئېتنىك ئۇلۇس دۆلىتىنى ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت
تېررىتورىيەنى ئاساس قىلغان، كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇس دۆلىتىنى قۇرۇشنى نىشان قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدىمۇ
چۈشەنچە بېرىپ ئۆتتۇق. يېقىندىن بېرى مەندىن نۇرغۇن غەرپلىكلەر:" نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىدا ئۇيغۇر سىياسىتى
قانۇننى ماقۇللاتماقچى بولۇسىلەر؟ سىز دۆلىتىڭلارنى خىتاي بېسىۋالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىڭىز، ئۇ يەردىكى
مۇستەملىكىدە ياشاۋاتقان باشقا ئېتنىك مىللەلەرنى كۆزدىن ساقىت قىلامسىلەر ؟ " دەپ سورىدى. مەن بۇ
قانۇننىڭ مەزمۇنىنىڭ باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. چۈنكى ئۇلار قانۇننىڭ
مەزمۇنىنى ئوقۇپ باقمىغان ئىكەن. دېمەك بىر ئىسىمدىنلا بىرمۇنچە چۈشىنىكسىزلىك كېلىپ چىققان ئىدى.
دۇنيا ۋەزىيىتىدە كۆرۈۋاتقىنىڭلاردەك، بۈگۈنكى يەرشارىلاشقان دۇنيادا دۆلەتلەر بىر بىرىگە بېقىنىپ باغلىنىپ
قالغانلىقتىن، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان قىرغىنچىلىققا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىلا دىگۈدەك ئالدى
بىلەن ئۆز دۆلەت مەنپەئەتىنى ئويلىشىش ئارقىلىق مۇئامىلە قىلماقتا. ئەمما بۇ دىگەنلىك، بىز مەڭگۈ يالغۇز
ھېچقانداق كۈچكە ئېرىشەلمەيمىز دىگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە ئالللاھنىڭ ئادالىتىدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزگۈنىمىز
يوق. ئەمما خىتاينىڭ دۈشمەنلىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ دوستىمىزمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ. ئامېرىكا باشلىق غەرپ
دۇنياسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بىرقىسىم ھوقۇقدارلىرى خىتاينىڭ ئۆز قىممەت قارىشىنى غەرپ قىممەت
قارىشىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ۋە بىر بەلۋاغ بىريول ئارقىلىق جاھانغا كېڭىيىش نىيىتىدىن ئاللىقاچان تەھدىد
ھېس قىلغان بولۇپ، خىتايغا قارشى ئۇنۇملۇك ھەركەتكە ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتمەكتە ۋە بۇ
ۋەزىيەت بارغانسېرى ئۇلغايماقتا. نۆۋەتتە، شەرقى تۈركىستان خەلقى مۇشۇنداق بىر دەۋر بۆلگۈچ تارىخى
ۋەزىيەتنىڭ مۇھىم ئاكتىپورلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل
بولىدىغان بىر پۇرسەتمۇ پات ئارىدا كېلىشى مۇمكىن. ئەمما مەسىلە خۇددى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى
داۋاملىق نۇتۇقلىرىدا ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىدەك، بىزنىڭ ئاشۇ پۇرسەتكە تەييارلىقىمىزنىڭ بولۇش بولماسلىقىدا. بۇ
كىتابتا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ قەيىرىدىن يەر سېتىۋالساق
بولار دەپ يۈرگەن، ھەتتا ئۇگاندادىن يەر سېتىۋالماقچىمۇ بولغان ئىدى. بىزنىڭ بولسا تېررىتورىيەرىمىز،
ۋەتىنىمىز خەرىتىمىز ئېنىق. يەر يۈزىدىن ئۆچۈپ كەتكىنى يوق. ئەمما ئۆچۈپ كېتىشتىن بۇرۇن پۇرسەتنىڭ
كېلىشى ۋە ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇش تۇتالماسلىقىمىز مۇھىم. دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ، ھەربىي ، ئىقتىسادىي،
تېخنىكا كۈچىمىز، نوپۇس كۈچىمىز، بىز ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان تېررىتورىيىمىز بولۇشى كېرەك، بۇلارنىڭ
ھەممىسىنى خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن تارتىپ ئالدى. ھەتتا شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى خەلقنىڭ
روھىنىمۇ تارتىپ ئالدى، بىز نېمىمىز بىلەن تەييارلىق قىلىمىز دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ۋەتەن سىرتىدا ئاز
دېگەندە بىر ملىيون ئەتراپىدا ئۇيغۇر بار، باشقا مىللەتلەرنى قوشقاندا بەلكى بۇنىڭدىنمۇ ئاشىدۇ. ھەتتا بىر ئۇيغۇر
بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ھايات قالغان تەقدىردىمۇ قان قەرزلىرىمىزنىڭ ھېساۋىنى قىلىش ۋە چوقۇم
مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا ئېلىش روھى خەلقىمىزدە ئىنتايىن كۈچلۈك شەكىلدە مەۋجۇت. چۈنكى

مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىش، بۈگۈنكى كۈندە ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن مىللەت سۈپىتىدە يوقۇلۇپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالدى. بىزدە يۇقارىقى ماددى كۈچلەرنىڭ ھېچقايسىسى بولمىسىمۇ ئەمما، ئەنە شۇ مىللىي روھ ۋە يەنە مىللىي كۈرىشىمىزنى باشلاپ ماگالايدىغان بىخلىنىشتىن ياپراق چىقىرىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان دىپلوماتسىيە گەۋدىسى ياكى بىزدە بۇنى بەرپا قىلىپ تەرەققى قىلدۇرالايدىغان كۈچ بار. مانا بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرسى مىللەتنىڭ مېڭىسى يەنە بىرسى مىللەتنىڭ روھىدۇر. باشقا كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ماددىي كۈچلەر، ئۇلار مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ ئەگەر بىزدە بۇ ئىككى كۈچ مەۋجۇد بولمىسا، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ روھى ئۆلگەن، روھى ئۆلگەن مىللەتنىڭ جىسمىنىڭ تىرىلىشىمۇ تەسكە توختىغان بولاتتى. بۇ ئىككى كۈچ بىر بىرىگە زىچ باغلانغان بولۇپ، مىللەتنىڭ روھى ئۇنى يېتەكلەيدىغان مېڭىنىڭ (ئەقلىنىڭ) سۈپىتىگە، مېڭىنىڭ سۈپىتى بولسا ئۇنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكىگە، بۇ ئۆزلۈكسىزلىك بولسا مىللىي روھنىڭ بۇ مېڭىنى بىردەك ئاۋازدا قوللىشىغا شۇنداقلا يەنە بۇ يېتەكچى مېڭىنىڭ مىللەتنىڭ يولىنى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ ماگالايدىغان سياسىي كۈلتۈر ياكى ئەنئەنە يارىتالىشىغا باغلىق. مانا بۇ ئىككى كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ماددى كۈچلەرنى قولىمىزغا ئېلىش پۇرسىتى كەلگىنىدە تەييار تۇرالىشىمىز ئۈچۈن. ئەگەر ئۇلۇسچىلىق زەھنىيىتىنى تىكلىمەيكەنمىز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەر بىر قەدەم پەقەت كۈندىلىك پائالىيەت ۋە مىدىراپ تۇرۇشتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات:

Primordialst ( پرىموردىئالىست)

Perrennialst (پەررەننىئالىست)

Ethnosymbolist (ئېتنوسىمبولىست)

Modernst (مودېرنىست)

يۇقۇرىدىكى 4 ئىسىم ئېتنىك ۋە ئۇلۇس ھەققىدىكى ئېقىملار بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇيغۇرچىدا قېلىپلاشقان ئاتىلىشى بولمىغانلىقتىن، ئىنگلىزچە ئاتىلىشى بويىچە ئېلىندى.

**Secessions**: بۆرۈن دۆلىتى ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان زېمىنى بولۇپ باقمىغان، لېكىن باشقىلارنىڭ دۆلىتىدە ياشاپ كۆپىيىپ، مەلۇم تېررىتورىيەنى ئىگىلىگەن، لېكىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئايرىم دۆلەت قۇرۇشنى ياكى يۇكسەك ئاپتونومىيە ھوقۇقنى تەلەپ قىلغۇچى ئېتنىك توپلۇملارغا قارىتىلغان ئۇقۇم.

**Ethnocide**: بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنى يوقۇتۇش ئارقىلىق بۇ ئېتنىك مىللەتنى ياكى توپلۇمنى يوقۇتۇۋېتىش

**Genocide**: ئىرقىي قىرغىنچىلىق، بىر ئېتنىك توپلۇمنىڭ ئىرقى، دىنى ئېتىقادى ۋە كۈلتۈرى سەۋەبىدىن قىرغىن قىلىنىشىغا قارىتىلىدۇ.

**Culture**: مەدەنىيەت

Nation: ئۇلۇس

**Ethnic Nation**: دۆلتى بار بولغان مەلۇم بىر ئېتنىك  مىللەت

**Ethnic Identity**: مىللىي كىملىك( مىللەت كىملىكى ) ياكى ئېتنىك كىملىك

**National Identity**: ئۇلۇس كىملىكى ياكى دۆلەت مىللتى كىملىكى

**Nation State**: ئۇلۇس دۆلتى

**Civic Nation** : ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان ئۇلۇس يەنى دۆلەت مىللتى.

**Ethnic State**:  بىرلا ئېتنىك مىللەتتىن تەركىپ تاپقان دۆلەت

**Civilization**: ئۇيگارلىق دەپ ئېلىندى

**Integral Nationalism**: ئاشقۇن (رادىكال) مىللەتچىلىك، ياكى ئاشقۇن ئۇلۇسچىلىق

**Risorgimento Nationalsim or Liberal Nationalsim**: لىبىرال ياكى ئەركىن مىللەتچىلىك. يەنى دېموكراتىيە پرىنسىپىدىكى ئەركىنلىك باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇسچىلىق

**Colonial Nationalsim**: مۇستەملىكىگە قارشى مىللەتچىلىك

**Multiculturalsim**: كۆپ خىل كۇلتۇر

**Liberal**: ئەركىن